




# جۇڭگو بالىلار قامۇسى

中国儿童百科全书

# ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارغا

上学就看

## ھايۋانات باغچىسى

动物园





مىللەتلەر نەشرىياتى
جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

دۆلەتلىك 11 - بەش يىللىق پىلان مەركىزىي نۇقتىلىق كىتاب تۈرى
مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر كىتابلىرىنى نەشر قىلىش
مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## جۇڭگو بالىلار قامۇسى

# ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارغا

## ھايۋانات باغچىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى
جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

动物园：维吾尔文/《中国儿童百科全书. 上学就看》编委会编；木拉提・帕尔沙译. —北京：民族出版社，2008.8
（中国儿童百科全书. 上学就看）
ISBN 978-7-105-09555-1

Ⅰ. 动… Ⅱ. ①中…②木… Ⅲ. 动物学—儿童读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. Q95-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第131997号

本书根据中国大百科全书出版社2006年3月第1版2007年10月第6次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىنىڭ 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي 6 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　译：**木拉提・帕尔沙**
责任编辑：**哈尔木拉提・伊明**
责任校对：**哈尔木拉提・伊明**
电脑制作：**伊萨克江・伊布拉英**

تەرجىمە قىلغۇچى: **مۇرات پەرسا**
مەسئۇل مۇھەررىر: **خالمۇرات ئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتور: **خالمۇرات ئىمىن**
بەتچىك: **ئىسھاقجان ئىبراھىم**

جۇڭگو باللار قامۇسى

# ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارغا

## ھايۋانات باغچىسى



民族出版社出版发行
http://www.mzcbs.com
（北京市东城区和平里北街14号
电话：64290862　邮编：100013
北京盛通印刷股份有限公司印刷
各地新华书店经销
开本：889毫米×1194毫米　1/16
印张：8.25
2008年9月第1版　2008年9月第1次印刷
印数：0001—3000册
ISBN 978-7-105-09555-1/Z.1394　（维62）
定价：18.50 元

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
http://www.e56.com.cn
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 010 ـ 64290862
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى: 2008 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2008 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 889×1194م م. 16 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 8.25　سانى: 3000 — 0001
باھاسى: 18.50 يۈەن

www.uyghurkitap.com

**总策划**

徐惟诚

**编辑委员会**

**名誉主任** 徐惟诚

**主　　任** 吴希曾

**副 主 任** 贺晓兴
程力华

**执行主编** 赵秀琴

**编　委**
(以姓氏笔画为序)

马博华　刘道远　李　元　位梦华　吴希曾
余传生　陈学锋　张小影　林之光　郑　平
郑延慧　赵秀琴　保冬妮　贺晓兴　夏　青
钱王驷　浦漫汀　崔金泰　寇晓伟　程力华
谭　征

**顾　问**

浦漫汀　李　元　徐晓钟　王祖望

## 作　　者

## 文字撰稿

（以姓氏笔画为序）

马光复　马　睿　卢小平　朱绍和　孙衍慧　李光夏
余传生　宋　时　陈东明　张如亮　林晓燕　庞　云
荣瑞芬　贺晓兴　夏　青　钱王驷　徐　冲　高建强
唐　骅　温学诗　薄　芯

## 图片提供

（以姓氏笔画为序）

丁长青　王　丽　王雅倩　王瑞林　卞小勤　田　方
白　宇　冯幼平　孙江漪　朱菱艳　刘玉秀　刘亚茹
刘　峥　关庆维　许　阳　杜　婕　李光夏　李建新
李锦河　李　燕　杨宝忠　吴小枚　吴秀山　位梦华
余传生　陈东明　张文绪　张文瑞　张丽霞　张连城
张渝秦　张　强　郑　迅　赵秀琴　赵彤杰　赵建伟
洪　珊　贺晓兴　苑　立　袁学军　徐远志　高建强
唐　骅　龚　莉　常剑波　蒋和平　程力华　温学诗

## 电脑制作

曹映红　张　强　蒋和平　杨宝忠　席恒青　高建强
杨　晨

## 绘　　图

杨宝忠　张　强　蒋和平　高建强　席恒青　陈　倩
曹映红　陈　璐　熊雅竹

## 卡通形象设计

张强

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەكمۇ قىزىق، بەلەن بۇ كىتاب،
كۆرۈپ - كۆرۈپ پەقەت قانمايسىز.
سىز كۆرمىگەن دۇنيا جاھاننى
بۇ كىتابتىن ئىزدەپ تاپقايسىز.

رەھمەت ئېيتىڭ ئاتا - ئانىغا،
كىتاب يازغان ئۇستازلارغا ھەم.
بىزگە ئەقىل قالدۇرۇپ كەتكەن،
شۇ تۆھپىكار ئەجدادلارغا ھەم.

چىڭىسۇن شۇ يولدا ۋەدىڭىز،
نۇر چاقناتسۇن ئىجاد، ئەتىڭىز.

**يۇ شىنيەن**



# بۇ سىلەر كۆرىدىغان كىتاب


كىچىك دوستلار، بۇ بىر يۈرۈش بالىلار قامۇسى مەخسۇس سىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ۋە نەزەر دائىرەڭلەرنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن. بۇ قامۇس جەمئىي سەككىز كىتاب بولۇپ، ئۇ سىلەرنى سەككىز ئورۇنغا باشلاپ بېرىپ، ئويۇن ئوينىغاچ بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ سەككىز ئورۇن: «جۇڭگو باغچىسى»، «دۇنيا باغچىسى»، «يەر شارى كەنتى»، «ئالەم سارىيى»، «ھايۋانات باغچىسى»، «ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى»، «ئىلىم-پەن سارىيى» ۋە «مەدەنىيەت-تەنتەربىيە سارىيى» دىن ئىبارەت.

## بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك تېمىلار

كىچىك دوستلارنىڭ ئويۇن ئارقىلىق بىلىم ئېلىشى ۋە سىستېمىلىق ئۆگىنىشى ئۈچۈن بىلىم تۈرلىرىدىن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك تېمىلارنى تاللاپ چىقتۇق. ئومۇمەن ئالغاندا، يېڭى ئېچىلغان ھەربىر بەتتىكى ماۋزۇ بىر تېما ھېسابلىنىدۇ، ھەربىر بەتتە بىر تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا چۈشەنچىلەر بېرىلدى. «ھايۋانات باغچىسى»دا 58 تېما بار.

## بىلىم تۈرلىرى

كىچىك دوستلارنىڭ بىلىۋېلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بىز مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى يىغىنچاقلاپ تۈرلەرگە ئايرىپ چىقتۇق. «ھايۋانات باغچىسى»دا قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋانلار؛ سۇدىكى ھايۋانلار؛ قوش ماكانلىق ھايۋانلار؛ قۇشلار؛ ھاشاراتلار؛ ئۆي ھايۋانلىرى؛ ياشاش ۋە نەسلى قۇرۇشتىن ئىبارەت يەتتە بىلىم تۈرى بار.







## بىلىم نۇقتىلىرى

بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ھەربىر تېمىدا ئۈچتىن سەككىزگىچە بىلىم نۇقتىلىرى بار. ھەربىر بىلىم نۇقتىسىدا بىر كىچىك بىلىم تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنى بىرىكتۈرسىڭىز خېلى كۆپ بىلىمگە ئىگە بولۇپ قالىسىز. «ھايۋانات باغچىسى» دا بۇنداق بىلىم نۇقتىسىدىن 276 سى بار.




## رەسىملەر

ھەربىر بەتكە بەشتىن 20 گىچە رەسىم بېرىلدى، ئۇلاردىن بىر- ئىككى پارچىسى ئاساسلىق، قالغانلىرى قوشۇمچە رەسىملەر. بۇلار كىچىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىمنى بىۋاستە ۋە ئوبرازلىق ئۆگىنىشىگە ھەم چۈشىنىشىگە پايدىلىق.

## سوئال - جاۋاب

بەزىلىرىدە سوئال سورىلىدۇ، بەزىلىرىدە جاۋابلار ئىچىدىن توغرىسىنى تاللاش تەلەپ قىلىنىدۇ. توغرا جاۋاب سول تەرەپتىكى گىرۋەكتە.

رەسىملەرنىڭ ئىزاھاتلىرىدا رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى چۈشەندۈرۈلدى.

www.uyghurkitap.com

# هايۋانات باغچىسى

## مۇندەرىجە

هايۋانات باغچىسى 1
**قۇرۇقلۇقتىكى هايۋانلار**
**مۇشۇكئېيىق 2**
مۇشۇكئېيىقنى قۇتقۇزۇۋالايلى 2
مۇشۇكئېيىقنىڭ ياشاش ئادىتى 2
يېمەكلىكنىڭ ئۆزگىرىشى 2
ئۆسۈش دەۋرى 3
**مايمۇن 4**
لېمۇر مايمۇنى 4
ئىت باش مايمۇن 4
سېرىق ياللىق مايمۇن 5
ماكاكا مايمۇنى 5
**ئادەمسىمان مايمۇن 6**
گورىللا 6
ئالاقىلىشىش ۋە دوراش 6
شىمپەنزە 6
ئورانگۇتان 7
گىببون 7
**شىر 8**
ئافرىقا شىرى 8
شىرنىڭ يېتىلىش جەريانى 8
ئامېرىكا شىرى 9
چىشى شىرنىڭ مەسئۇلىيىتى 9
**يولۋاس 10**
يولۋاسنىڭ هاياتلىق دەۋرى 10
يولۋاس ئۆز تەۋەلىكىدە هۆكۈمران 10
يولۋاسنىڭ مەۋجۇتلۇق كرىزىسى 11
يولۋاس ۋە خەلق ئىچىدىكى ئۆرپ-ئادەتلەر 11
**پىل 12**
پىل چىشى 12
پىلنىڭ خارتۇمى 12
ئاسىيا پىلى ۋە ئافرىقا پىلى 12
قېرى پىل دوست-دۈشمەننى پەرق قىلالايدۇ 13
ئانىلىق توپ 13
**ئېيىق 14**
ئەڭ كىچىك ئېيىق 14
كۆچۈكلىرىنى بېقىش 15
ئۆچەككە كىرىدىغان ئېيىقلار 15
سۇ ئۈزۈش ماھىرى 15
ئاق ئېيىق 15
**يىلپىز 16**
تەڭگە گۈللۈك يىلپىز 16
ئامېرىكا يىلپىزى 16
قوڭۇر يىلپىز 16
گېپارد يىلپىزى 17
تاغ يىلپىزى 17
**بۆرە، چىلبۆرە، تۈلكە 18**
بۆرە 18





چىلبۆرە 18
قۇيرۇقى سۆزلىيەلەيدۇ 18
كوللېكتىپ ئوۋلاش 19
تۈلكە 19
**بۇغا 20**
ئاجايىپ بۇغا مۈڭگۈزى 20
بۇغىلارنىڭ تۈرلىرى 20
ئۇسۇشۇش 21
چىپار بۇغا 21
**زىراپە 22**
زىراپىنىڭ تىلى 22
ئەۋزەللىكى ۋە ئاجىزلىقى 22
يىرتقۇچ هايۋانلاردىن قورق-ـمايدۇ 23
ئۇرۇشۇش 23
ئالەمدە بىر سىزىقچىلار 23
**خالتىلىق هايۋانلار 24**
خالتىلىق ئېيىق 24
كولا 24
خالتىلىق بورسۇق 25
خالتىلىق چاشقان 25
كېنگۇرۇ 25
**چاشقانلار 26**
ئامبار چاشقىنى ـ قوۋۇز خالتىسى 26
ئۆي چاشقىنى 26
ئۇتلاق ئىتىسمان چاشقىنى 26
چىپار تىيىن 27
يېمەكلىكنى يوشۇرۇپ قويۇشقا ئامراق تىيىن 27
**سازاڭ، سەكسەنپۇت ۋە ئۆمۈچۈك 28**
سازاڭ 28
سەكسەنپۇت 29
ئۆمۈچۈك 29

## سۇدىكى هايۋانلار

**كىتلار 30**
ناخشا ئېيتالايدىغان كىتلار 30
ئېپار كىت 30
بىر مۈڭگۈزلۈك كىت 30
بالا كىتنى بېقىش 31
**دېلفىن 32**
سۇدىكى قۇتۇلدۇرغۇچى 32
ئاجايىپ مېڭە 32
ئەكس سادا ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش 32
ئوركا كىتى 33
ئاق پالاقچىلىق دېلفىن 33
**لەھەڭ ۋە سكات بېلىقى 34**
لەھەڭ 34
چوڭ ئاق لەھەڭ 34
سكات بېلىقى 35
توكلۇق سكات بېلىقى 35
**قۇلۇلە ۋە سەدەپلەر 36**
تاتلىق سۇلاردىكى قۇلۇلىلەر 36
قۇرۇقلۇقتىكى قۇلۇلە 36
دېڭىز - ئوكيانلاردىكى قۇلۇلىلەر 36
مەرۋايىت قۇلۇلىسى 37
ئەڭ چوڭ قۇلۇلە 37
يەلپۈگۈچسىمان سەدەپ 37
سەدەپ 37
**پۈتلىرى بېشىدا بولغان دېڭىز-ئوكيان جانلىقلىرى 38**
سىياھ بېلىق 38
سىياھ خالتىسى 38
سەككىز ئاياغ 39


www.uyghurkitap.com






سۇدىكى زومگەر 50
ئۇۋلاش ماھىرى 50
ئانا تىمساھ 50
**بېگموت ۋە كەركىدان 52**
ۋەھشىي كەركىدان 52
كەركىدان مۈڭگۈزى 52
پاتقاق مۈنچىسى 52
كىلەڭسىز بېگېموت 53
سۇدىكى بېگېموت 53
دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ ئېغىز 53
**پالاقچە پۇتلۇق ھايۋانلار 54**
مورژ (دېڭىز پىلى) 54
دېڭىز ئىتى (دېڭىز ئېيىقى) 54
ئوتارىيە (دېڭىز شىرى) 54
بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش 55
پېلىسمان تىۋىلىن 55
تىۋىلىن 55

يېشىل پاقىنىڭ ھالەت ئۆزگەرتىشى 44
زەھەرلىك پاقا 44
پاقىنىڭ كوركىرىشى 45
چارپاقا 45
دەرەختىكى پاقىلار 45
**تاشپاقىلار 46**
بېشىنى تىقىۋالىدىغان پاتقاق تاشپاقىسى 46
قورۇقلۇق تاشپاقىسى 46
دېڭىز تاشپاقىسى 47
ترىئونىكس تاشپاقىسى 47
**يىلان ۋە كەسلەنچۈكلەر 48**
پۇتسىز مېگىش 48
بوغما يىلان 48
زەھەرلىك يىلان ۋە زەھەرسىز يىلان 48
خامېلېئون 49
كەسلەنچۈك 49
ئۆچكىئېمەر 49
**تىمساھ 50**
ئېغىزى ئارقىلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدۇ 50

زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش 39
نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى 39
**راك ۋە قىسقۇچپاقا 40**
جۇڭخۇا توكلۇك قىسقۇچپاقىسى 40
قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا 40
ئۇكا قىسقۇچپاقىسى 40
فوسفورلۇق راك 41
پراۋن 41
چوڭ راك 41
**ئەرمەك بېلىقلار 42**
تروپىك بەلۋاغ بېلىقلىرى 42
بېلىق بېقىش 43
ئالتۇن بېلىق 43
ئاجايىپ سۇ ئوتلىرى 43

**قوش ماكانلىق ھايۋانلار**
**پاقىلار 44**
يېمەكلىك تۇتۇش 44








**ئاق قورساق سۇلا قۇشى** 69
فرېگات قۇشى 69
**ئورمان قۇشلىرى 70**
كاككۇك 70
كاككۇك چۈجىسىنى بېقىش 70
كۆلرەڭ سېغىزخان 71
تۆمۈر تۇمشۇق 71
سوپىسوپىياڭ 71
غورۇلاينىڭ ئولجىنى شاخقا ئىلىپ قويۇشى 71
**تروپىك بەلۋاغ قۇشلىرى 72**
شاتۇتىنىڭ تىل ئۆگىنىشى 72
كەركىدان قۇشنىڭ چوڭ تۇمشۇقى 72
ھەرەقۇش (بىر توغرام) 72
تۇزنىڭ قۇيرۇقنى يېيىشى 72

ئانىسنى كۈتۈۋاتقان پىنگۋىن بالىلىرى 63
پىنگۋىنلار چوڭ جەمەتى 63
پىنگۋىن سۇ ئۈزۈشكە ئامراق 63
**سۇ قۇشلىرى 64**
ساقىيقۇشنىڭ تۇمشۇق خالتىسى 64
پاكىزە قۇش كۆكتارغاق (بېلىقچى) 65
قارنانىڭ بېلىق تۇتۇشى 65
ئاققۇ 65
سۇقسۇر (قوشماق ئۆردەك) 65
**سۇ بويىدىكى شادىپاچاق قۇشلار 66**
قىزىل قاشقا تۇرنا 66
قىزىل لەيلەك 66
ئاق قۇتان 67
ئاق لەيلەك 67
قارا لەيلەك 67
ئۇقار 67
**دېڭىز قۇشلىرى 68**
ئالباتروس قۇشى (بورانقۇش) 68
چايكا 68

**قۇشلار**
**قۇشلار 56**
ئۇچۇشقا ماسلاشقان تەن 56
پەي 57
قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى 57
چاڭگال ۋە ساقى 57
قۇش چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىققاندا 57
**يىرتقۇچ قۇشلار 58**
بۈركۈت 58
مۇشۇكياپىلاق 58
لاچىن 59
تازقارا 59
**ئۇچالمايدىغان قۇشلار 60**
كىۋى 60
تۆگىقۇشنىڭ ئائىلىسى 60
ئېمۇ قۇشى 61
قۇتىرىغان قۇش — كاسسۇئارى قۇشى 61
ئامېرىكا تۆگىقۇشى 61
**پىنگۋىن 62**
پىنگۋىنلارنىڭ تۇيلىشىشى 62
ئاتىسى تۇخۇم باسىدۇ 62




www.uyghurkitap.com


**چىۋىن ۋە پاشا 86**
چىۋىننىڭ تولۇق ھالەت
ئۆزگەرتىشى 86
چىۋىن 86
پاشىنىڭ يېتىلىش جەريانى 87
تەڭپۇڭلاشتۇرۇش كالتىكى 87
پاشا 87

**ئۆي ھايۋانلىرى**
**مۈشۈك 88**
مۈشۈكنىڭ مۇستەقىللىق خاراك-
تېرى 88
مۈشۈك پاكىزلىقنى ياخشى
كۆرىدۇ 88
مۈشۈكنىڭ تىرناقلىرى 89
ئۆتكۈر سەزگۈ ئەزالىرى 89
**ئىت 90**
ئەمالار ئىتى 90
پادىچى ئىت 90
ئائىلە ئەرمىكى 90
تايغان (ئوۋ ئىتى) 90
ئۆي مۇھاپىزەتچىسى 91
قۇتقۇزۇش ئىتى 91

تومۇزغىنىڭ چىرىلدىشى 79
**كېپىنەك ۋە پەرۋانىلەر 80**
پايدىلىق تەڭگىچىلەر 80
ئۇچالايدىغان «گۈللەر» 80
كېپىنەكنىڭ ھايات مۇ-
ساپىسى 81
يىپەك چىقىرىپ غوزەك
توقۇش 81
نىقابلىنىش ئۇستىسى 81
**ھەسەل ھەرىسى ۋە چۈمۈلە 82**
ئىشچى ھەرە 82
ئانا ھەرە 82
ئەركەك ھەرە 82
چۈمۈلىنىڭ ئىش تەقسىماتى 83
چۈمۈلىنىڭ يېمەكلىكى 83
چۈمۈلىلەرنىڭ تۈرلىرى 83
**يىڭناغۇچ ۋە ياچۇەك 84**
يىڭناغۇچنىڭ سۇ چېكىشى 84
سۇدا ئۆسۈپ يېتىلىش 84
يىڭناغۇچ 84
ياچۇەك 85
ياچۇەكنىڭ نىقابلىنىشى 85

**ئىنسانلارغا قوشنا قۇشلار 74**
قارلىغاچ 74
كەپتەر 74
سېغىزخان 75
قۇشقاچ 75
قاغا 75

**ھاشاراتلار**
**ھاشاراتلار 76**
ئېغىز ئاپپاراتى 76
ھاشاراتلارنى ئاسراش 77
ھالەت ئۆزگەرتىش 77
ئالتە پۇت 77
**چېكەتكە ۋە تومۇزغا 78**
چېكەتكىنىڭ ئۆزىنى قوت-
قۇزۇشى 78
چېكەتكە 78
تومۇزغا 79
تومۇزغا قېپى 79




تۇسداشلىق 105
يوشۇرۇنۇش رەڭگى 105
ئاگاھلاندۇرۇش رەڭگى 105
**بىللە ماكانلىشىش، بىللە ياشاش، پارازىت ياشاش 106**
بىللە ياشاش 106
پارازىت ياشاش 106
بىللە ماكانلىشىش 107
**كۆشەندە 108**
تۇتۇپ يېيىش خاراكتېرىدىكى كۆشەندىلەر 108
يېيىش ۋە يېيىلىش 109
پارازىت خاراكتېرلىك كۆشەندىلەر 109
زىياندااش ھاشاراتلاردىن بىئولوگىيىلىك مۇداپىئەلىنىش 109

**توشقان 100**
زىرەك توشقان 100
رەڭ ئۆزگەرتەلەيدىغان ئاق توشقان 100
قوۋ توشقاننىڭ ئۇۋىسى كۆپ 101
توشقان كۆپ تۇغىدۇ 101

**ياشاش ۋە نەسلى قورۇش**
**تۇتۇپ يېيىش ۋە قوغدىنىش 102**
مۇستەقىل ئوزۇقلۇق تۇتۇش 102
شېرىكلىشىپ ئوزۇقلۇق تۇتۇش 102
قوغدىنىش «ساۋۇت»ى 103
ئۆزىنى زەخىملەندۇرۇپ قۇتۇلۇش 103
ئاكتىپ مۇداپىئەلىنىش 103
**نىقابلىنىش 104**
قوغدىنىش رەڭگى 104

**ئۆي قۇشلىرى 92**
توخۇ 92
تۇخۇم بېسىش مەزگىلى 92
غاز 93
ئۆردەك 93
**ئات 94**
ئاتنىڭ ھاياتلىق دەۋرى 94
قۇلقى سۆزلىيەلەيدۇ 94
ئات مىنگۈچىنى پەرق ئېتەلەيدۇ 95
ئاتقا «كەش» كىيگۈزۈش 95
**كالا 96**
كالىنىڭ تۆھپىسى 96
سۈت كالىسى 96
كالىلارنىڭ تۆت ئاشقازىنى بار 96
ئۆركەشلىك كالا 97
يەرلىك كالا 97
**قوي ۋە ئۆچكە 98**
شوخ - چىچەن ئۆچكە 98
بۆكەنلەرنىڭ چوڭ جەمەتى 98
كۆكمەت (توروق تېكە) 99
ئارقارنىڭ مۆڭگۈزى 99
ياۋاش جانىۋار — قوي 99




**ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق هايۋانلار 114**
ناهايىتى خەۋپ ئىچىدە قالغان هايۋانلار 114
خەۋپ ئىچىدە قالغان هايۋانلار 114
ئاسان خەۋپ ئىچىدە قالىدىغان هايۋانلار 114
قوغداشقا تايىنىدىغان هايۋانلار 114
**هايۋانلارنى قوغداش 116**
ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇغا قايتىپ كەلدى 117
قايتا پەيدا بولغان قىزىل ئىبىس 117
ئوستېر بېلىقىنى سۇنئىي كۆپەيتىش 117

**دراگونلار دەۋرى 110**
دىنوزاۋر 110
بىراخىئوزاۋر 111
دىنوزاۋرغا ئوخشاش دراگونلار 111
تىراننوزاۋر 111
**نەسلى قۇرۇپ كەتكەن هايۋانلار 112**
دودو قۇشى 112
سىتېللېر دېڭىز كالىسى 112
موئا قۇشى 112
شىمالىي ئامېرىكا ياۋا كەپتىرى 113
خالتىلىق بۆرە 113
پولەك ياۋا كالىسى 113
تاغىل ئېشەك 113




www.uyghurkitap.com

# ھايۋانات باغچىسى








ئادەتتە دەرەخكە ناھايىتى ئاز چىقىدۇ. خەتەرگە يولۇققاندا بولسا دەرەخكە چىقىش ماھىرى بولۇپ كېتىدۇ.

## مۇشۇكئېيىقنى قوغدۇرۇۋالايلى

مۇشۇكئېيىق ماكانلىرىنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشى، تور توپلىرى ئارا ئالاقىلاشماسلىقى، يېقىنلار ئارا جۈپلىشىپ كۆپىيىشىنىڭ كۆپلۈكى، تۇغۇش - كۆپىيىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى يەنە كېلىپ ئاساسلىق يېمەكلىكى بولغان بامبۇكنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەسلى قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. ھۆكۈمىتىمىز مۇشۇكئېيىقنى قوغداش ئۈچۈن قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش، تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايونلارنى قۇرۇش، مۇشۇكئېيىقنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش قاتارلىق نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى.

مۇشۇكئېيىقنىڭ ئاجراتما ماددىسىدا بىرخىل ئالاھىدە پۇراق بولۇپ، تەسىر دائىرە ئىگىلەش ياكى ئۆز تۇرىدىكىلەرگە ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرەخلەرگە سۈركەپ قويىدۇ.



تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش

غەربچە تاماقلىنىش

يەر سۈپۈرۈش

ۋېلسىپىت مىنىش

مۇشۇكئېيىق ئۆگىتىلسە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ.


بىر كۈندە 10~12سائەت بىر نەرسە يەيدۇ، نەچچە ئون كىلوگرام بامبۇكنى يەۋېتەلەيدۇ.

## مۇشۇكئېيىقنىڭ ياشاش ئادىتى

مۇشۇكئېيىق ئېگىز تاغلاردىكى قويۇق بامبۇكزارلىقلاردا ياشايدۇ. پائالىيەت دائىرىسى كىچىك. سۇ ئۈزەلەيدۇ، دەرەخلەرگە چىقالايدۇ. ئاساسلىق يېمەكلىكى بامبۇك شاخلىرى بولۇپ، بەزىدە گۆشمۇ يەيدۇ. جۈپلىشىش مەۋسۇمىدىن باشقا چاغلاردا يالغۇز ياشايدۇ.

## مۇشۇكئېيىق

مۇشۇكئېيىق مەملىكىتىمىزگىلا تارقالغان «دۆلەت گۆھىرى» دەرىجىلىك ھايۋان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ياشاش ماكانى ئاساسلىق سىچۈەن، شەنشى ۋە گەنسۇلاردىن ئىبارەت. مۇشۇكئېيىق ناھايىتى ساددا ۋە ئۇماق بولۇپ، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ، ھازىر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيەلەرگە ماكانلىشىپ جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى يەتكۈزدى.



B بامبۇك يوپۇرمىقى



C كۆكتات



D كالا سۈتى



A تۇخۇمەك چېچىكى



E ياۋا مېۋىلەر

## يېمەكلىكنىڭ ئۆزگىرىشى

مۇشۇكئېيىق دەسلەپتە گۆشنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلاتتى، كېيىن مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى بىلەن گۆش تېپىپ يېيىش تەسلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئۆسۈملۈك يېيىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇ بامبۇك يېيىشنى بولۇپمۇ بامبۇك نوتىسى يېيىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

مۇشۇكئېيىق رەسىمدىكىلەردىن پەقەت بىرلا نەرسىنى يېمەيدۇ. شۇ نەرسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟



جاۋاب: A

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مۇشۈكئېيىقنىڭ قۇلىقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاڭلاش ئىقتىدارى كۆرۈش ئىقتىدارىدىن كۆپ يۇقىرى.

ئالدىدا 3 جۈپ ئۆتكۈر چىشى بولۇپ، بامبۇك يېگەندە كەينىدىكى چوڭ چىشلىرىغا تايىنىدۇ.

بامبۇك يوپۇرماقلىرىنى ئالدى پۇتى بىلەن تۇتۇپ يەيدۇ

يۇڭلىرى ھەم ئۇزۇن ھەم يىرىك، ئىسسىقلىق ساقلىشى ناھايىتى ياخشى

پۇتىدا 5 بارمىقى، تاپىنىدا قويۇق ھەم يىرىك تۈكلىرى بولىدۇ. شۇڭا نەم مۇخلارنىڭ ۋە سىلىق تاشلارنىڭ ئۈستىدە ماڭسىمۇ تېيىلىپ كەتمەيدۇ.

ياۋايى مۇشۈكئېيىق ئومۇمەن 20 يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرىدۇ.

## ئۆسۈش دەۋرى

مۇشۈكئېيىق تۇغۇلغاندا تېنى گۆش رەڭگىدە بولىدۇ؛ 20 كۈن ئەتراپىدا يۇڭ چىقىرىشقا باشلاپ، 3 ئاي ئەتراپىدا يۇڭلىرى تولۇق چىقىپ بولىدۇ؛ يېرىم ياشتىن باشلاپ يېمەكلىك تېپىپ يېيەلەيدۇ؛ ئالتە-يەتتە ياش بولغاندا كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.

مۇشۈكئېيىق كۈچۈكى يېڭى تۇغۇلغاندا تەن ئېغىرلىقى 100g~200g ئەتراپىدا بولۇپ، ئانىسىنىڭ تەن ئېغىرلىقىنىڭ 1\900 قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.





ئانا مۇشۈكئېيىق تەخمىنەن ئىككى يىلدا بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر ياكى ئىككىنى كۈچۈكلەيدۇ.



## لېمۇر مايمۇنى

لېمۇر مايمۇنى ماداغاسقار ئارىلىغا تارقالغان بولۇپ، ئورمانلىقلار، پاكار چاتقاللىقلار ياكى تاغلىقلاردا ياشايدۇ. كۈندۈزى ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. يالغۇز ياكى يەككە بىر ئائىلە بىر بولۇپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

جۇپلىشىش مەزگىلىدە ئۇزۇن هەم چىرايلىق قۇيرۇقىنى دىك قىلىپ ئۇڭ-سولغا پۇلاڭلىتىپ چىشى مايمۇننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

هالقا قۇيرۇقلۇق لېمۇر مايمۇنىنىڭ تۇمشۇقى تۈلكىنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

# مايمۇن

مايمۇن ئەقىللىق ۋە ئېپتىك هايۋان، ئالاقىلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، كۆپلىگەن هايۋانلار بىلەن دوستلىشالايدۇ، ئادەملەر بىلەنمۇ ئۆم ئۆتىدۇ، لېكىن ئۇنى باقماق تەس. مايمۇننىڭ خىللىرى ناهايىتى كۆپ، كۆپچىلىكى توپلىشىپ ياشايدۇ، توپ ئىچىدە سەردارى بولىدۇ، مېۋە يېيىشكە ئامراق، ئورمانلىقلار ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى ماكانى هېسابلىنىدۇ.




ئالدى پۇتى چاققان، ئەپچىل، يامىشىشقا ماهىر

مايمۇنلار نۇرغۇنلىغان هايۋانلار بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدۇ

## ئىت باش مايمۇن

مايمۇنلارنى بىر تۈرى، ئېنى باشقا تۆردىكى مايمۇنلارغا قارىغاندا چوڭراق كېلىدۇ. 20 يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ. ئۇلار ماكاكا مايمۇنغا ئوخشاش توپلىشىپ ياشايدۇ، توپ ئىچىدە سەردارى بولىدۇ. كېچىسى ئارام ئېلىپ كۈندۈزى ئوزۇق ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلى ماكانى ئافرىقا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدۇر.



ماندارىل (قىزىل تۇمشۇق مايمۇن) ئىت باش مايمۇننىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. ئەركەكلىرىنىڭ ئىككى مەڭزى كۆك، بۇرنى قىزىل بولىدۇ.





شىمپەنزە بىلەن ئانا-بالىدەك يېقىن



ئانىسى يوق بولغاچقا توشقاننى ئانا تۇتماقتا



يولۋاس ئاسلىنى بىلەن ئويناشماقتا.

ئىت باش مايمۇن بەزىدە ئۆرە ماڭىدۇ





## مايمۇن نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

A باش يۇيۇۋاتىدۇ
B قىچىشقان يېرىنى تاتلاۋاتىدۇ
C پىت بېقىۋاتىدۇ
D تۇز دانچىلىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ

جاۋاب: D

www.uyghurkitap.com

يۈننەن سېرىق ياللىق مايمۇننىڭ يۈزى كۆك رەڭگە مايىل، بۇرنى پاناق كېلىدۇ.

## سېرىق ياللىق مايمۇن

سېرىق ياللىق مايمۇن مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. ھەربىر توپنىڭ ئۆزىگە تەۋە زېمىنى بولىدۇ. يۈننەن سېرىق ياللىق مايمۇنى، سىچۇەن سېرىق ياللىق مايمۇنى ۋە گۈيجۇ سېرىق ياللىق مايمۇنى دەپ ئايرىلىدۇ. سېرىق ياللىق مايمۇن دۆلىتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋىنىدۇر.



ئانا مايمۇن بوۋاقنى قۇچىقىغا ئالغاندا ھەتتا ئاتا مايمۇننىڭ تۇتۇشىمۇ يول قويمايدۇ.




سىچۇەن سېرىق ياللىق مايمۇننىڭ بىلەكلىرى توم، قورساق قىسمى تەرەققىي قىلغان، يۇڭىنىڭ رەڭگى كۆركەم كېلىدۇ.

سېرىق ياللىق مايمۇننىڭ يۇڭى سېرىق، يۇمشاق ھەم ئۇزۇن بولۇپ، 20 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ.

## ماكاكا مايمۇنى

ماكاكا مايمۇننىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. تېنى بەزىلىرىنىڭ چوڭ، بەزىلىرىنىڭ كىچىك بولسىمۇ لېكىن زېھنى تەرەققىي قىلغان. كۆزى ئۆتكۈر بولۇپ، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان مايمۇن تۈرى ھېسابلىنىدۇ.





# ئادەمسىمان مايمۇن

ئادەمسىمان مايمۇنلار گورىللا، شىمپەنزە، گىببون ۋە ئورانگۇتانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئەقىللىق ھايۋانلار بولۇپ، ئىنسانلارغا ناھايىتى يېقىن. ئۇلار ئاساسەن يامغۇرلۇق ئورمانلاردا ياشايدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران بىخلىرى، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە ياۋا مېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

## گورىللا

بەدىنى ناھايىتى قاۋۇل كەلگەن گورىللا قارىماققا ناھايىتى ۋەھشىي كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە مىجەزى ياۋاش ئوتخور ھايۋان. ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، قاچانلا قارىسا يەپلا يۈرۈيدۇ. كېچىسى ئۇخلايدىغان مۇقىم تۇرالغۇسى يوق. ئانا گورىللا باللىرى بىلەن دەرەخ شېخىغا ئۇۋا ياساپ ئۇخلايدۇ. ئەكسىچە ئاتا گورىللانىڭ بەدىنى بەك ئېغىر بولغانلىقتىن يەرگە ئۇۋا ياساپ ئۇخلايدۇ.



## ئالاقىلىشىش ۋە دوراش

ئادەمسىمان مايمۇنلار ئادەمگە ئوخشاش مۇرەككەپ ئاۋازلارنى ئېنىق چىقىرالمايدۇ. ئۇلار ئاددىي ئاۋاز چىقىرىش ۋە ھەرخىل چىراي ئىپادىلىرى، قىياپەت ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار ئارقىلىق بىر-بىرىگە خۇشاللىق، قورقۇش، ئازابلىنىش ۋە ئاچچىقلاش قاتارلىق روھىي ھالەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بېقىلىۋاتقان ئادەمسىمان مايمۇنلار ئۆگىتىلسە ئۆزىنىڭ ئۆي-پىكرىنى قول ئىشارىتى ئارقىلىق بىلدۈرۈشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.




گورىللا ئۆرە تۇرغاندا بويى ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ. ئادەمسىمان مايمۇنلار ئىچىدە بويى ئەڭ ئېگىز.

## شىمپەنزە

شىمپەنزە ئادەمسىمان مايمۇنلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىقى بولۇپ، ئاددىي قوراللارنى ياساپ ئىشلىتەلەيدۇ. ئادەتتە ئوتتۇزغا يېقىن شىمپەنزە بىر توپ بولۇپ ياشايدۇ. يېتىلگەن بىر ئەركەك شىمپەنزە سەردار بولىدۇ. بالا شىمپەنزىلەر ئانىلىرى بىلەن بىللە بولۇپ يېتىلگەندىن كېيىنمۇ توپ ئىچىدە ياشايدۇ.




ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئاق چۈمۈلىگە يولۇققان شىمپەنزە ئۇزۇنلۇقى مۇۋاپىق بىر تال دەرەخ شېخىنى تېپىپ كېلىپ ئاق چۈمۈلىلەرنى ئۇنىڭغا يېپىشتۇرۇپ چىقىرىپ لەززەتلىنىپ يەيدۇ.

جاۋاب: C

www.uyghurkitap.com





## ئورانگۇتان

ئورانگۇتاننىڭ ھەرىكىتى ئاستاراق، كۆپ ۋاقتىنى دەرەخ ئۈستىدە ئۆتكۈزىدۇ. بىر تۈپ دەرەختىن يەنە بىر تۈپ دەرەخكە شاخلارغا ئېسىلىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. يەرگە ئاز چۈشىدۇ. ئورانگۇتاننىڭ مىجەزى ياۋاش، لېكىن چىشىغا تەگسە بەك ئاچچىقى كېلىدۇ.

گىببوننىڭ تېنى كىچىك، ھەرىكىتى ناھايىتى چاققان.

## گىببون

گىببون (ئۇزۇن بىلەكلىك ئادەمسىمان مايمۇن) ئېگىز دەرەخ شاخلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلار دەرەخ شاخلىرىنى ئىككى قولى بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ چاڭگاللاپ تۇتۇپ دەرەخلەر ئارىسىدا پۇلاڭلاپ يۈرۈيدۇ. بىر يۇلقۇپ ئون مېتىر يىراقلىققا بارالايدۇ. ئەركەك-چىشى بىر جۈپ بولۇپ ياشايدۇ.

ئورانگۇتان كۈندۈزى ھەممە يەردە ئۇرۇقلۇق ئىزدەپ يۈرۈيدۇ، كېچىسى بىر دەرەخكە ئۇۋا ياساپ ئۇخلايدۇ.

ئانا ئورانگۇتان ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، بالىسىنى يۆليۆپ قويىدۇ، يېمەكلىك تېپىش ۋە كۈشەندىسىدىن ساقلىنىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىدۇ.



شىمپەنزە ئاق چۈمۈلىنى ئۇۋىسىدىن قانداق چىقىرىپ يەيدۇ؟

A. پۈۋلەپ ئۇۋىسىدىن چىقىرىدۇ.

B. كامارغا سۇ قۇيۇپ ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

C. شاخقا يېپىشتۇرۇپ چىقىرىپ يالاپ يەيدۇ.

D. يەمچۈك ئارقىلىق ئالداپ چىقىرىدۇ.



يامغۇر ياغدى، ئانا ئورانگۇتان بالىسىغا چوڭ يوپۇرماقلار بىلەن يامغۇردىن دالدىلىنىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ.

# شىر

شىرلار دەل ـ دەرەخلەر شالاڭ ئوتلاقلاردا ياشايدۇ، بەدىنى مۇشۇك ئائىلىسىدىكى هايۋانلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ، تېنى مەزمۇت ـ قاۋۇل، تۈت پۇتى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئولجىسىنى تېز سۈرئەتتە يۈگۈرۈپ تۇتالايدۇ.

## ئافرىقا شىرى

ئافرىقا شىرى ئوتلاقلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ. ئادەتتە، هەر بىر توپتا بىر-ئىككى ئەركەك شىر، بىر قانچە چىشى شىر ۋە ئون نەچچە شىر ئاسلىنى بولىدۇ. ئەركەك شىر تەۋەلىك زېمىننى ۋە شىر توپىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ.




شىرنىڭ بېشىدىن قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىغىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3 مېترغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇيرۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدۇ.

ئەركەك شىر ئۆز زېمىنىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ، ئەگەر باشقا يىرتقۇچ هايۋانلار يېقىنلاشسا قاتتىق هۆركىرەپ ئۇلارنى چېكىندۈرىدۇ.




## شىرنىڭ يېتىلىش جەريانى

ئانا شىر بىر قېتىمدا ئىككىدىن تۆتكىچە ئاسلانلايدۇ، لېكىن ئۇلار تولۇق يېتىلگىچە ئادەتتە ئىككىسىلا هايات قالىدۇ. شىر باللىرى 11 ئايلىق بولغاندا ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئىككى ياشقا كىرگەندە بولسا مۇستەقىل ياشىيالايدۇ. ئەركەك شىر يېتىلگەندىن كېيىن توپتىن ئايرىلىپ ئەركەك شىر كەمچىل بولغان چىشى شىر توپىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆز پادىشاهلىقىنى تىكلەيدۇ.

ئافرىقا شىرلىرى يەپ تويغاندىن كېيىن بىر يەرگە توپلىشىپ ئارام ئالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئوۋ قىلمايدۇ.





### تاماق كەلدى كىم ئالدىدا يەيدۇ؟


ئافرىقا ئەركەك شىرى دائىم چىشى شىر ئوۋلىغان ئولجىسىنى تارتىۋېلىپ ئۆزى يەيدۇ. ئۇ بىر قېتىمدا بىر قوينىڭ گۆشىنى يەۋېتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ تويغاندىن كېيىن چىشى شىر ۋە ئاسلانلىرىغا قالىدىغان گۆش ناھايىتى ئاز بولىدۇ. يېمەكلىك كەمچىل مەزگىللەردە نۇرغۇن شىر ئاسلانلىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.



### ئامېرىكا شىرى

ئامېرىكا شىرى يالغۇز پائالىيەت قىلغۇچى ھايۋان بولۇپ، بۇغا تۈرىدىكى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەدەن ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىرغا يېتىدۇ، 6 مېتىر ئېگىزلىكتىكى شاخقا سەكرەپ چىقالايدۇ، بىر يۇلقۇنۇپلا 6 مېتىر يىراقلىققا بارالايدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ۋەھشىي گۆشخور ھايۋانلارنىڭ بىرىدۇر.

ئامېرىكا شىرى ئوۋغا ھۇجۇم قىلغاندا ئىنتايىن تېز يۈگۈرەيدۇ.



### چىشى شىرنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئافرىقا شىرى ئادەتتە كېچىسى يېمەكلىك تېپىپ يەيدۇ، ئاساسلىقى بۆكەن، بۇلۇغۇ، زېبرا (تاغىل ئات)لارنى ئوزۇق قىلىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئوۋ توپىنى تارقىتىۋېتىپ ئاندىن تېنى ئاجىز ۋە كىچىكلىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى خان ئوردىلىرى ۋە ساراي ـ قەسىرلىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا دائىم ئىككى دانە ھەيۋەتلىك تاش شىر ئورنىتىلغان بولىدۇ. بېيجىڭدىكى لۇگوچياۋ كۆۋرۈكى ھەرخىل قىياپەتتىكى نۇرغۇن تاش شىرلىرى بىلەن تېخىمۇ مەشھۇر.



شىر ئاسلىنىنىڭ بەدىنىدە نۇرغۇنلىغان داغ چېكىتلىرى بولۇپ، ئۆزىنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. يېتىلگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا يوقۇلۇپ كېتىدۇ.





### يولۋاسنىڭ ھاياتلىق دەۋرى


يولۋاس بىر نۆۋەتتە 2~4 كىچە ئاسىلانلايدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر نۆۋەتتە 6 نى ئاسىلانلايدۇ. يولۋاس ئاسلىنى ئانىسىنى ئېمىپ ئىككى ئايلىق بولغاندا ئانچە-مۇنچە گۆش يەيدۇ. 6 ئاي بولغاندا ئانىسىغا ئەگىشىپ ئولجا تۇتۇشنى ئۆگىنىدۇ. تەخمىنەن ئىككى ياشقا كىرگەندە مۇستەقىل ياشاشقا باشلايدۇ. يولۋاس تەخمىنەن 20 يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرىدۇ.




## يولۋاس

يولۋاس ئاسىيا ئورمانلىرىدىكى ئەڭ ۋەھشىي ھايۋان بولۇپ، « ئورمان شاھى » دەپ نام ئالغان. ئۇلار ياۋا چوشقا، بۇغا، توشقانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ، ئېچىرقاپ كەتسە ھاشارات، بېلىق ۋە كىچىك يەر بېغىرلىغۇچىلارنىمۇ يەيدۇ.

تېرىسىدە سېرىق ۋە قارا رەڭ نۆۋەتلەشكەن يول-يول سىزىقلىرى بولۇپ، ئورمان ۋە ئوتلاقلاردا ئولجىسىغا يوشۇرۇنچە ھۇجۇم قىلىشقا قولايلىق.





يولۋاس ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئادەم يېمەيدۇ. پەقەت باشقا يېمەكلىك تاپالماي ئاچ قالغاندىلا ئادەمگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدۇ.

يولۋاسنىڭ پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ئىنتايىن ئۆتكۈر




### يولۋاس ئۆز تەۋەلىكىدە ھۆكۈمران

ھەر بىر يولۋاسنىڭ ياشاش تەۋەلىكى بولىدۇ. ئۇ بۇ زېمىندا ئوۋ ئوۋلايدۇ ۋە ئارام ئالىدۇ. سىرتتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن يولۋاس ۋە باشقا چوڭ ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ھەر يىلى كۆپىيىش مەزگىلىدە ئەركەك يولۋاس بىلەن چىشى يولۋاس قىسقىغىنە بىرنەچچە كۈن بىللە ياشايدۇ.

يولۋاس سۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە سۇغا چىلىنىپ ياتىدۇ، يەنە تېخى ئۈزۈپ دەريادىن ئۆتەلەيدۇ.


جاۋاب: D

## يولۋاسنىڭ مەۋجۇتلۇق كرىزىسى


يەرشارىدا بۇرۇن 10 خىل يولۋاس ياشىغان بولۇپ، ھازىر پەقەت بېنگال يولۋىسى، ھىندىچىنى يولۋىسى، جەنۇبىي جۇڭگو يولۋىسى، شەرقىي شىمال يولۋىسى ۋە سۇماترا يولۋىسىلا قالدى. ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئۆزلۈكسىز كېڭەيگەنلىكتىن ئورمانلار بارغانسېرى ئازىيىپ، يولۋاسنىڭ ياشاش مۇھىتى كۈنسېرى يامانلىشىپ، ياۋايى يولۋاس خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا ھەرقايسى دۆلەتلەر قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللاندى.



ئاق يولۋاس بېنگال يولۋىسىنىڭ ئاق رەڭلىك ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئىنتايىن ئەتىۋارلىق.



باللار كىيىدىغان يولۋاس باشلىق باش كىيىم



قۇيرۇقى ئۇزۇن ھەم كۈچلۈك شۇڭلاشقا ھۇجۇم قىلىش قورالى بولۇپ، بىر شىلتىپلا ئولجىسىنى يىقىتالايدۇ.

## يولۋاس ۋە خەلق ئىچىدىكى ئۆرپ - ئادەتلەر

جۇڭگو خەلقى ئىچىدە يولۋاس مۇقەددەس ھايۋان، خەيرىلىك، ساغلاملىق ۋە باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن نەرسىلەردە يولۋاسنىڭ ئوبرازى بار. مەسىلەن، قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇچار يولۋاس بايرىقى، بايلىق ئىلاھى مىنىۋالغان قارا يولۋاس، باللار كىيىدىغان يولۋاس باشلىق كەش ۋە يولۋاس باشلىق ياستۇق قاتارلىقلار.



A سۇ ئۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ



B ئانىلىق مېھرى كۈچلۈك

بۇ رەسىملەر ئىچىدە بىرسىنىڭ مەزمۇنى توغرا ئەمەس، قايسىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟



C يالغۇز ھەرىكەت قىلىدۇ

D ئادەم يېيىشكە خۇمار





# پىل

پىل ئىللىق، نەم، دەل ـ دەرەخلەر قويۇق جايلاردا ياكى دەل ـ دەرەخلەر شالاڭ ئوتلاقلار ۋە چۆل ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ھايۋىنىدۇر. ئىلگىرى ئىنسانلار پىللارنى كۆپ مىقداردا ئوۋلىغاچقا پىللارنىڭ سانى يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپ كەتكەن، ھازىر پىللار نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى.



پىل چىشىنىڭ يىلىك بوشلۇقى

پىل چىشى پىل يېشىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ ئۆزۈرايدۇ. چىشىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ پىل يېشىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

## پىل چىشى

پىلنىڭ ئۈستىدىكى ئىككىنچى جۈپ ئۆتتۈر چىشى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، ئېغىزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. بۇ بىر جۈپ چىشى ئۆمۈر بويى ئۆسىدۇ. يېشى قانچە چوڭ بولسا چىشى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ. پىل چىشى پىلنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىكى كۈچلۈك قورالى ھېسابلىنىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن پىلنىڭ جەسىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ؟

ئورماندا ياشاۋاتقان پىل ئۆلسە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىر تەرەپتىن ھۆركىرەپ بىر تەرەپتىن تاش پارچىلىرى، ئوت ـ چۆپلەر، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ئۇنى كۆمۈۋېتىدۇ. شۇڭا كىشىلەر پىلنىڭ جەسىتىنى كۆرەلمەيدۇ.

گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ «شياڭ جياڭ ياۋايى ھايۋانلار دۇنياسى» دەرۋازىسى ئالدىدا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم كىشىلەرنىڭ پىلنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە پىلنىڭ رەسىمىنى كوللېكتىپ سىزىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.





خارتۇمى ئارقىلىق لىم توشۇش



يېمەكلىكنى ئاغزىغا ئاپىرىش




دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈش

## پىلنىڭ خارتۇمى

پىلنىڭ خارتۇمىنىڭ رولى چوڭ. ئۇ خارتۇمى ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايدۇ، ھەمراھلىرى بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ، دەرەخلەرنى يىقىتالايدۇ، نەرسىلەرنى توشۇيدۇ، ھەتتا بىر تال يىڭنىنىمۇ ئالالايدۇ.

## ئاسىيا پىلى ۋە ئافرىقا پىلى

پىلنىڭ ئاسىيا پىلى ۋە ئافرىقا پىلىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرى بار. ئۇلار گەرچە ئوخشاش تۈردىكىلەر بولسىمۇ لېكىن تەن تۈزۈلۈشى، خاراكتېرى، يېتىلىش مەزگىلى ۋە بوغاز مەزگىلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئازراق پەرقلىنىدۇ.



خارتۇمنى ئېگىز كۆتۈرسە ئۇرۇشىدىغاندەك سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ.

ئەركەك ـ چىشىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇزۇن چىش بولىدۇ.

قۇلىقى يوغان




قۇلىقى كىچىك

چىشى پىلنىڭ ئۇزۇن چىشى بولمايدۇ.

قۇيرۇقى قىسقا ھەم ئىنچىكە، بەدىنىگە ماس كەلمەيدۇ.

ئاسىيا پىلى سەل كىچىكرەك، ئېغىرلىقى 5000 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، 8~12 ياشتا تولۇق يېتىلىدۇ.



ئافرىقا پىلىنىڭ تېنى چوڭراق، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 7500 كىلوگرام كېلىدۇ.14 يېشىدا تولۇق يېتىلىدۇ.

**قىرى پىل دوست ـ دۈشمەننى پەرق قىلالايدۇ**

پىلنىڭ مۇقىم تۇر توپى بولىدۇ، پىل توپلىرى ئۇچراشقاندا باشلامچى پىل ياكى قىرى پىل ھۇركىرەپ قارشى تەرەپ بىلەن سالاملىشىدۇ. ئاندىن ئاۋازىدىكى ناھايىتى ئازۇك پەرقلەرنى دوست ـ دۈشمەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ.



پىل بەك ئەقىللىق، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، چىقىلغىلى بولمايدۇ. بۇرۇن بىر تىككۈچى بىر پىلنى ماكا كاشىلا قىلدى دەپ، ئۇنىڭ خارتۇمىغا يىڭنە تىقىۋەتكەن ئىكەن.



بۇ ئىش پىلنىڭ ئېسىدە قاپتۇ. كېيىن تىككۈچىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە خارتۇمى بىلەن تىككۈچىنىڭ ئۈستىۋېشىغا سۇ چېچىۋېتىپتۇ.

بانان يوپۇرمىقىغا ئوخشاش چوڭ قۇلىقىنى يەلپۈگەندە، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

پىلنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 70~80 ياش



پىل يېمەكلىك يېيىش ئۈچۈن بىر قانچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. كۈنىگە 200 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئوت ـ چۆپ ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەۋېتىدۇ.

ئانا پىل سۇ پۈركۈپ بالىسىنى يۇيۇۋاتىدۇ.

بالا پىل ئانىسىدىن ئۆگىنىپ ئۇنى يۇيۇۋاتىدۇ.

قۇرغاقچىلىق پەسىلىدە ئافرىقا پىلى ئورمانغا كىرىپ ياشايدۇ؛ يامغۇرلۇق پەسىلگە كەلگەندە چوڭ ئوتلاققا كۆچىدۇ.

**ئائىلىق توپ**

پىل توپى ئانا پىل ۋە بالا پىللاردىن تەشكىللەنگەن. يېشى چوڭ ئانا پىل ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئادەتتە ئانا پىللار بالا پىللاردىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالىدۇ؛ خەتەرگە يولۇققاندا ئانا پىللار دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ بالا پىللارنى قوغدايدۇ. كۆپىيىش مەزگىلىدە ئەركەك پىل پىل توپىغا كېلىپ قوشۇلىدۇ. كۆپىيىش مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە توپتىن ئايرىلىدۇ.


ئانا پىل بىلەن بالىلىرى بىرلىكتە خۇشال ـ خۇرام ياشايدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئېيىق

ئېيىق قورۇقلۇقتىكى چوڭ تىپتىكى گۆشخور هايۋان، قارىماققا ناهايىتى كېلەڭسىز، ئەمەلىيەتتە هەرىكىتى ناهايىتى چاققان-ئەپچىل. قولدا بېقىلغان ئېيىق تېخى يەنە هەرخىل قىلىق چىقىرىپ يىمەكلىك بېرىۋاتقان ئادەملەرگە ياخشى كۆرۈنۈشكە ئورۇنىدۇ.




يىمەكلىكنى دەپ ئادەمگە تەزىم قىلىدۇ.



مالاي ئېيىقى هەسەل يېيىشكە بەكلا ئامراق



مالاي ئېيىقىنىڭ پەقەت تۇمشۇقىلا ساغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، تۆش قىسمىدا تاقسىمان ئاق رەڭلىك تۈكلىرى بار.

پۇت تىرناقلىرى ئىچ مايماق بولۇپ، دەرەخكە يامىشىشقا ناهايىتى ماس كېلىدۇ.

## ئەڭ كىچىك ئېيىق

دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك ئېيىق مالاي ئېيىقى بولۇپ، تروپىك بەلۋاغ ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقلىرىدا ياشايدۇ. بەدەن ئۇزۇنلۇقى 1.1 ~ 1.4 مېتىر. ئېغىرلىقى 40 ~ 50 كىلوگرام كېلىدۇ.




جاۋاب: CA

www.uyghurkitap.com



## كۈچۈكلىرىنى بېقىش

ئۈچەككە كىرگەن ئانا ئېيىقلار تىنىدە ناھايىتى كۆپ ئېنېرگىيە زاپاس ساقلانغان بولغاچقا كۈچۈكلىرىنى ئېمىتىشكە سۈتى يېتەرلىك بولىدۇ. كېيىنكى يىلى ھاۋا ئىللىغاندا ئانا ئېيىق باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. ئېيىق كۈچۈكلىرى ئۆزلىرى يېمەكلىك تۇتۇپ يېيەلەيدىغان بولغاندىلا ئاندىن ئۇلارنى مۇستەقىل ياشاشقا قويۇۋېتىدۇ.

ئانا ئېيىق باللىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، ھەرگىز جاپادىن قورقمايدۇ.



قوڭۇر ئېيىق قىشتىن ئويغۇنۇشلۇق ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن سۇ بويلىرىدا بېلىق پاقا، قىسقۇچپاقا ۋە بېلىقلارنى تۇتۇپ يەپ قۇۋۋەت تولۇقلايدۇ.

## ئۈچەككە كىرىدىغان ئېيىقلار

سوغۇق رايونلاردا ياشايدىغان ئېيىقلار قىش پەسلىدە ئۈچەككە (قىشلىق ئۇيقۇغا) كىرىدۇ. ئېيىق ئۈچەككە كىرگەندە يېرىم ئۇيقۇ ھالەتتە كامارغا (ياكى ئۆڭكۈرگە) بىكىنىۋېلىپ ھېچنېمە يېمەيدۇ ھەم ھەرىكەتمۇ قىلمايدۇ. شەپە ئاڭلاپ قالسىلا ئويغىنىدۇ. ئانا ئېيىق ئەنە شۇ ئۈچەككە كىرىش مەزگىلىدە كۈچۈكلەيدۇ.




ئانا ئېيىق ئۈچەككە كىرگەندە كۈچۈكلەيدۇ.



ئاق ئېيىق شىمالىي قۇتۇپنىڭ مۇزلۇق ئېقىنلىرىدا بەھۇزۇر ئۈزۈپ يۈرىدۇ، سوغۇقتىن بىر ئازمۇ قورقمايدۇ.





ئاق ئېيىق نېمىلەرنى يېيىشكە ئامراق؟


A. تىيۇلېن

B. كىچىك بېلىقلار

C. چىشى دېڭىز پىلى ۋە دېڭىز پىلى بالىسى

## سۇ ئۈزۈش ماھىرى

ئېيىقلار سۇ ئۈزەلەيدۇ. ئاق ئېيىق سۇ ئۈزۈشكە تېخىمۇ ماھىر بولۇپ، نەچچە ئون كىلومېتىرغىچە ئۈزەلەيدۇ ياكى مۇزدەك سۇدا نەچچە سائەت تۇرسىمۇ ئاغرىپ قالمايدۇ.



ئاق ئېيىق يەنە «نانۇك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇمۇ ئوخشاشلا ئاق رەڭلىك ئېيىق دېگەن مەنىدە.

ئېيىقلار ماڭغاندا بىر تەرەپتىكى ئالدى-ئارقا ئىككى پۇتىنى تەڭ بېسىپ ماڭىدۇ، شۇڭا ئىغاڭلاپ ناھايىتى كېلەڭسىز كۆرۈنىدۇ.

## ئاق ئېيىق

ئاق ئېيىق (شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى) ئاساسلىق شىمالىي قۇتۇپ مۇزلۇقلىرىدا ياشايدۇ. شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى ئەڭ چوڭ گۆشخور ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. تىيۇلېن، دېڭىز پىلى، شىمال بۇغىسى ۋە ئىپار كالا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يېيىشكە بەك ئامراق.

ئاق ئېيىق شىمالىي قۇتۇپتا ياشاپ بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە قار-مۇزلارغا ھەمراھ بولىدۇ.



تېرىسىدىكى داغلار قەدىمكى تەڭگىلەرگە ئوخشىغاچقا تەڭگە گۈللۈك يىلپىز دەپ ئاتالغان.



گېپارد يىلپىزى پەقەت بۆكەندىن تېز يۈگرىگەندىلا ئاندىن ئۇنى تۇتۇپ لەززەتلىك تاماقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

## يىلپىز

يىلپىز (قاپلان) مۈشۈك ئائىلىسىگە كىرىدىغان ھايۋان بولۇپ، تەن شەكلى يولۋاستىن كىچىك لېكىن يولۋاس ۋە شىرلارغا قارىغاندا ئېپچىل ۋەھشىي. ئۇ يالغۇز ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئولجىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، ھەم ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئولجىسىنىڭ بوينىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتەلەيدۇ.

### تەڭگە گۈللۈك يىلپىز

تەڭگە گۈللۈك يىلپىز دەل- دەرەخلەر كۆپرەك تۈزلەڭلىكلەردە ياشايدۇ، دەرەخكە يامىشىشقا ماھىر. دائىم دەرەخ ئۈستىگە يوشۇرۇنۇپ پۇرسەت بولسىلا دەرەخ ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھايۋانلارغا ئېتىلىدۇ. ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك، يەپ ئېشىپ قالغان يېمەكلىكنى دەرەخكە سۆرەپ چىقىپ ئېسىپ قويىدۇ.




ئامېرىكا يىلپىزى گۈگۈمدا ياكى كېچىدە ئوۋ ئوۋلايدۇ، بۇغا، ياۋا توڭگۇز، مايمۇن، قۇش، بېلىق قاتارلىقلارنى ئوزۇق قىلىدۇ.

### ئامېرىكا يىلپىزى

ئامېرىكا يىلپىزى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەڭ چوڭ گۆشخور ھايۋان شۇنداقلا ئىندىئانلار چوقۇنىدىغان مۇقەددەس ھايۋان. ئۇلار قويۇق ئورمانلار، ئوتلاقلار، چۆللۈك ۋە ساسلىقلاردا ياشايدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ، ئىنتايىن ۋەھشىي.

قوڭۇر يىلپىز مەملىكىتىمىزدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان



### قوڭۇر يىلپىز

قوڭۇر يىلپىز تروپىك بەلۋاغ ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىدا ياشايدۇ. دائىم دەرەختە ھەرىكەتلىنىدۇ، مايمۇن، تىيىن ۋە قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. قوڭۇر يىلپىز شاختا بېشىنى تۆۋەنگە قىلىپ ئېسىلىپ تۇرالايدۇ، پۇرسەت بولسىلا دەرەخ ئاستىدىكى ئوۋغا ئېتىلىدۇ.

ئولجىسىنى باشقا ھايۋانلارنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەرەخكە سۆرەپ چىقىپ ئالدىرىماي يەيدۇ.

تەڭگە گۈللۈك يىلپىز مايمۇن، ئىت باش مايمۇن، بۇغا، بۆكەن قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

جاۋاب: DA





گېپارد يىلپىزى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشكە چىدىمايدۇ، ئەگەر ئولجىسىغا قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يېتىشەلمىسە ئۇۋدىن ۋاز كېچىدۇ.

پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرگەندە بەدىنى ئاساسەن يەردىن ئايرىلىپ ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

يۈگۈرگەندە ئومۇرتقىسى خۇددى پورژىنىدەك ئۆزىراپ - قىسقىرايدۇ.

قۇيرۇقى يۈگۈرۈش يۆنىلىشىگە ماسلىشىپ بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.



گېپارد يىلپىزىنىڭ تىرناقلىرى باشقا مۈشۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش تولۇق يىغىلمايدۇ.


گېپارد يىلپىزى نىشانىنى تالللىۋالغاندىن كېيىن چاقماق تېزلىكىدە يۈگۈرۈپ نەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا ئولجىسىغا يېتىشىۋالىدۇ.

## گېپارد يىلپىزى

گېپارد يىلپىزى باشقا يىلپىزلارغا ئوخشاش ئولجىسىغا يوشۇرۇنۇپ ھۇجۇم قىلماستىن بەلكى خۇددى ئىتقا ئوخشاش قوغلاپ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئەڭ تېز بولغاندا سائەتىگە 120 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، لېكىن ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئاران ئىككى مىنۇت داۋاملاشتۇرالايدۇ. شۇڭا ئۇنى قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى ئىچىدىكى قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش چېمپىيونى دەيمىز.



مۈشۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەدىنىدە چىرايلىق داغسىمان چېكىتلەر ياكى يول - يول سىزىقلار بولىدۇ، ئۇنداقتا تۆۋەندىكى تېرىلەرنىڭ قايسىسى يىلپىزنىڭ؟






## تاغ يىلپىزى

تاغ يىلپىزى ھىمالايا تېغى قاتارلىق تاغلىق رايونلاردا ياشايدۇ. كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، بۆكەن، ئارقار، بۇغا، توشقان ۋە قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. تاغ يىلپىزىنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋىنى ھېسابلىنىدۇ.



يۇڭى قارا رەڭگە مايىل، ئۈستىدە تېخىمۇ قېنىق رەڭلىك داغسىمان چېكىتلىرى بار.

قارا يىلپىز تەڭگە گۈللۈك يىلپىزنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى

# بۆره، چىلبۆره، تۈلكه

بۆره، چىلبۆره ۋه تۈلكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى ئىت ئائىلىسىگە تەۋە گۆشخور ھايۋانلاردۇر. تۈلكىدىن باشقا بۆره ۋه چىلبۆرىلەر ئۆلجىنى قوغلاپ تۇتىدىغانلارغا مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تىره ـ يۇڭلىرى تۇتۇق كۈلرەڭ بولىدۇ، تىرناقلىرى يىغىلمايدۇ، دەرەخلەرگە چىقالمايدۇ.

ئۇزۇقلۇق تۇتۇش ۋاقتىدا بارلىق بۆرىلەر سەۋرچانلىق بىلەن سەردار بۆرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىدۇ.





## بۆره

بۆره ئىت ئائىلىسىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ىرتقۇچ، كېچىسى ھەرىكەتلىنىدىغان، توپلىشىپ ياشايدىغان ھايۋان. كۈچۈكلىرىنى ئاتا ـ ئانىسى بىرلىكتە باقىدۇ. ئۇلار ئەقىللىق، ئۇزۇنغا يۈگرۈشكە ماھىر. شۇنداقلا كۈچلۈك ئىراده ۋه چىدامچانلىققا ئىگه. ئاساسلىقى بۇغا، بۇكەن ۋه توشقانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

بۆرىنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشچانلىقى يۇقىرى، پائالىيەت دائىرىسى كەڭ. بىر نۆۋەتته تۆتتىن يەتتىگىچه كۈچۈكلەيدۇ.

بۆره بەزىدە ئۆي ھايۋانلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. قوزا ـ پاقلانلار ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق ھۇجۇم قىلىش نىشانىدۇر.

## چىلبۆره

چىلبۆره ھىيلىگەر، ۋەھشىي، ھەرىكىتى تېز، توپلىشىپ ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يەيدۇ. بۇغا ۋه ئارقار قاتارلىق ھايۋانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇلار بەزىدە يولۋاس ۋه ئېيىق قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارغىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ.

## قۇيرۇقى سۆزلىيەلەيدۇ

بۆره قۇيرۇقى ئارقىلىق سۆزلەيدۇ. قۇيرۇقىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: قۇيرۇقى ئېگىز دىڭگايسا ئاگاھلاندۇرۇشنى، كەينىگە تۈز بولسا ھۇجۇم قىلىشنى، تۆۋەنگە پوكۇلۇپ قورسىقىغا تېگىپ تۇرسا قورققانلىقنى، قۇيرۇقىنى تېنىگە چىڭ چاپلاپ ئۇچىنى ئېگىپ تۇرسا بىخەتەرلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

چىلبۆرىنىڭ ئاگلاش ۋه پۇراش سېزىمى تەرەققىي قىلغان.






A


B

بۇ تۆت رەسىمدىكى بۆره قۇيرۇقىنىڭ قىياپىتى قانداق مەنه ئىپادىلەيدۇ؟


①ئاگاھلاندۇرۇش
②ھۇجۇم قىلىش
③قورقۇش
④بىخەتەرلىك


D


C

چىلبۆرىنىڭ تېنى بۆرىدىن كىچىك، قورساق قىسمىدىكى يۇڭلىرىنىڭ رەڭگى سۇس.

جاۋاب: D① A② C③ B④




## كوللېكتىپ ئوۋلاش

بۆرە توپى ئوزۇقلۇق تۇتقاندا كىملەر قوغلايدۇ، كىملەر ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئولجا قانداق تەقسىملىنىدۇ دېگەن مەسىلىلەردە سەردار بۆرىنىڭ دېگىنى ھېساب. بۆرىلەر كوللېكتىپ ئوزۇقلۇق تۇتقاندا نۇرغۇنلىغان تاكتىكىلارنى قوللىنىدۇ. قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇچۇرلا يوللاپ ياردەم سورىسا ھەمراھلىرى دەرھال ياردەمگە كېلىدۇ.

تۈلكىنىڭ يوغان قۇيرۇقىنىڭ تۇۋىدە بىر بەز تەنچىسى بولۇپ، بەتبۇي پۇراق چىقىرىپ ھۇجۇم قىلغان كۈشەندىسىنى قاچۇرۇۋېتەلەيدۇ.

ھاۋا سوۋۇغاندا يۇڭلىرى تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆسىدۇ.

سالپاڭ قۇلاق تۈلكىنىڭ 48 دىن 50 كىچە چىشى بار بولۇپ، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدە چىشى ئەڭ كۆپ.

سالپاڭ قۇلاق تۈلكىنىڭ قۇلىقى ناھايىتى چوڭ، قۇلىقى ئارقىلىق تېنىدىكى ئارتۇقچە ئىسسىقلىقنى تارقىتىۋېتەلەيدۇ. يەنە قۇلىقىنى ئەپچىللىك بىلەن بۇراپ، ھەرخىل تىۋىشلارنى ئاڭلاپ يەر ئاستىدىكى ھاشاراتلارنىمۇ دەرھال تۇتۇپ يېيەلەيدۇ.

تۈلكىنىڭ رەڭگى پەسىل ياكى رايوننىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. قارا تۈلكە، كۈمۈش رەڭ تۈلكە ۋە تاغىل تۈلكىلەرنىڭ ھەممىسى قىزىل تۈلكىگە تەۋە.

## تۈلكە

تۈلكە ھىيلىگەر، گۇمانخور، سەزگۈر، چاققان بولۇپ، ئومۇمەن كېچىسى يېمەكلىك ئوۋلايدۇ. چاشقان، ياۋا قۇش ۋە قۇش تۇخۇملىرىنى يېيىشكە ئامراق، بەزىدە ئۈزۈم قۇشلىرى ۋە مېۋە قاتارلىقلارنىمۇ يەيدۇ.

قىزىل تۈلكە ئادەتتە يالغۇز ياشايدۇ، پەقەت كۆپىيىش مەزگىلىدىلا ئەركەك-چىشى تۈلكىلەر جەم بولىدۇ. يەنە كېلىپ بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدە ئۆتىدۇ. قىلىقلىرى مۈشۈككە ئوخشايدۇ.



سالپاڭ قۇلاق تۈلكە ئافرىقىنىڭ تروپىك بەلۋاغ ئوتلاقلىرىدا ياشايدۇ. قورقۇنچاق، ناھايىتى قىزىققاق كېلىدۇ.





ئەركەك بۇغا مۈڭگۈزىنى قورال قىلىپ رەقىبىنى قوغلىۋېتىدۇ، ھەتتا بەزىدە قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

## بۇغا

**بۇغـــا ئوتخور ھايۋان بولۇپ، پۇتلىرى ئىنچىكە ئۇزۇن، يۈگۈرۈش ۋە سۇ ئۈزۈشكە ماھىر. كۆپلىگەن بۇغا تۈرلىرىنىڭ بەدىنىــدە چىرايلىق رەڭلىك داغلىرى، بېشـــىدا بىر جۈپ ئاچا مۈڭگۈزى بولىدۇ، پەقـەت ئىپار كېيىك قاتارلىق ئاز ساندىكى بۇغا تۈرلىرىنىڭلا مۈڭگۈزى بولمايدۇ.**

### ئاجايىپ بۇغا مۈڭگۈزى

ئانا بۇغا ۋە بۇغـــا موزىيىنىڭ ئادەتتە مۈڭگـــۈزى بولمايدۇ. قۇرامىغـــا يەتكەن ئەركەك بۇغىنىڭ مۈڭگۈزى بولســـا ئۇزۇن، تومۇ ھەم ئاچىلانغان بولىدۇ. يېشـــى قانچە چوڭ بولســـا ئاچا شـــۇنچە كۆپ بولىدۇ. شىمالدا ياشايدىغان بۇغىلارنىڭ مۈڭگۈزى ھەر يىلى چۈشـــۈپ كېتىپ كۈيلەش مەزگىلىدىن بۇرۇن يەنە قايتىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ.

بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ بىر يىللىق ئۆزگىرىشى



بۇغا مۈڭگۈزى يېڭى ئۆسۈپ چىققاندا سىرتىنى يۇمشاق تېرە ئوراپ تۇرىدۇ.



بـــۇ يۇمـــران مۈڭگـــۈز ئۆســـۈش جەريانىـــدا داۋاملىق ئاچىلىنىدۇ.

### ئىپار كېيـــك نېمە ئۈچۈن بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى؟

ئىپار ئىنتايىن قىممەت، ئالتۇن قىممىتىنىڭ 5 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. كىشىلەر ئىپارنى داۋاملىق ئەتىـــر ۋە تېبابەت دورىلارنىڭ خام ئەشياسى قىلىپ كەلگەچكە ئىپار كېيىـــك كۆپلـــەپ ئوۋلىنىپ ئىپار ئېلىنغـــان. ھازىر ئىپار كېيىكلىرى نەســـلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى.






ئىپار كېيىكنىڭ قورسىقىدا بىر ئىپار بېزى بـــار بولۇپ، ئىپار ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

بۇغا مۈڭگۈزى يوغىنىغاندىن كېيىن ســـرتقى يۇزىدىكى تېرىســـى چۈشـــۈپ كېتىپ قاتتىق ھەم ئۆتكۈر بولغان سۆڭەك ماددىلىق مۈڭگۈز غولى ئېچىلىپ قالىدۇ.



كۆپىيىـــش مەزگىلىدىـــن ئۆتكەندىن كېيىن بۇغا مۈڭگۈزى چۈشۈپ كېتىدۇ.

### بۇغىلارنىڭ تۈرلىرى

يەرشـــارىدا جەمئـــي 52 تۈرلۈك بۇغا بولۇپ، ئورمـــان، ئوتـــلاق، چۆللۈك ۋە سازلىقلاردا ياشايدۇ. ئەڭ چوڭى قانداغاي بولۇپ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى 3مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەكسىچە جۇڭگونىڭ خەينەن ئۆلكىسىدىكى سېرۋۇس بۇغىسىنىڭ ئوتتۇرىچە بەدەن ئۇزۇنلۇقى ئاران 75 سانتىمېتىر كېلىدۇ. چىپار بۇغا، قوڭۇر بۇغا، ئۇزۇن قۇيرۇق بۇغا، قانداغاي، ھىندىستان چىپار بۇغىســـى، سېرۋۇس بۇغىسى، قاتارلىقلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ھازىر ھەر قايسى دۆلەتلەر قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

ئاق تۇمشۇق بۇغا



شـــمال بۇغىســـىنىڭ پۈتـــۈن بەدىنىـــدە قېلىن يىرىك يۇڭلىرى بولـــۇپ، قەھرىتـــان ســـوغۇق ۋە نەملىككە چىدامىلىق.

شىمالىي قۇتۇپ قاتارلىق سوغۇق رايونلاردا ياشـــايدىغان شـــمال بۇغىســـىدىن يەرلىكلەر قاتناش قورالى ئورنىدا پايدىلىنىدۇ.

قانداغاي سۇ ئۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇرنى ۋە ئۈستۈنكى كالپۇكى ناھايىتى يوغان.

داما بۇغىسى سەكرەشكە ماھىر بولـــۇپ، ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىن تاقلاپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.



چىپار بۇغا ئىنتايىن قورقۇنچاق، لېكىن ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىمى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، ئۈركىسىلا تېز سۈرئەتتە قاچىدۇ.

چىپار بۇغىنىڭ بەدىنىدە ئاق رەڭلىك ئىزلار بولۇپ، خۇددى چىرايلىق گۈللۈك تون كىيىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

**ئۇسۇشۇش**

كويلەش مەزگىلىدە ئەركەك بۇغىلار قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا ئۇسۇشقاندا بەزىدە بىر-بىرىنىڭ مۈڭگۈزلىرى كىرىشىپ قېلىپ ئاجراتقىلى بولماي قالىدۇ ۋە بىر چەتتە قاراپ تۇرغان بۆرىلەرگە بىر ۋاقلىق مەززىلىك تاماق بولۇپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ.

**چىپار بۇغا**

چىپار بۇغا ئورمانلىقنىڭ چەت ياقىلىرى ۋە تاغلىق ئوتلاقلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلار سەھەردە ۋە گۇگۇم ۋاقتىدا توپلىشىپ كۆلدۈزلۈك ئارىلاپ ھەرىكەتلىنىدۇ. يېشىل ئوت-چۆپلەر، دەرەخ يوپۇرماقلىرى، ياش [illegible] قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئىنتايىن تېز يۈگۈرەيدۇ. ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋىنىدۇر.



ئەركەك بۇغا بىر نەچچە چىشى بۇغا ۋە موزايلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ياشايدۇ. ھەر بىر چىشى بۇغا بىر قېتىمدا بىر ياكى ئىككىنى موزايلايدۇ. بۇغا موزىيى تۇغۇلغاندىن كېيىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەلەيدۇ.



## زىراپە

زىراپىنىڭ بوينى ۋە پۇتى ئالاھىدە ئۇزۇن بولۇپ، دۇنيادا ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئەڭ ئېگىز ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئافرىقا ئوتلاقلىرىدا ياكى ئوتلاقلا ياندىش ئورمانلارنىڭ چەت ياقا جايلىرىدا زېبرا(تاغىل ئات)، بۆكەن ۋە تۆگە قۇشى قاتارلىقلار بىلەن بىللە ياشايدۇ.

زىراپە كۈنىگە 18 كىلوگرام يېمەكلىكنى يېۋېتىدۇ.

### زىراپىنىڭ تىلى

زىراپىنىڭ كالپۇكى ناھايىتى ئەپچىل، تىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، 40cmدىن ئاشىدۇ. تىلى ھەم قىلىن ھەم ئەۋرىشىم. نەرسە يېگەندە سوزۇلۇپ چىقىپ ئۇسسۇملۇك يوپۇرماقلىرىنى يۇگۈالىدۇ. ئۇسسۇملۇك غول شاخلىرىدىكى ئۇتكۇر تىكەنلەردىنمۇ قورقمايدۇ.

زىراپىنىڭ ئېگىزلىكى 6~8 مېتىرغا يېتىدۇ

### ئەۋزەللىكى ۋە ئاجىزلىقى

زىراپىنىڭ بوينىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ، دەرەخ ئۇچىدىكى يوپۇرماق ۋە يۇمران شاخلارنىمۇ ئاسانلا يېيەلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بويىنى ۋە پۇتلىرى زىيادە ئۇزۇن بولغاچقا يەرگە ئېگىشىمكى تەس، شۇڭا سۇنى كۆپ ئىچەلمەيدۇ.

سۇ ئىچىۋاتقاندا گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئاسان ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

## يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قورقمايدۇ

زىراپە گەرچە ئوتخور ھايۋان بولسىمۇ، لېكىن يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قورقمايدۇ. زور گەۋدىسى، بوغان تۇياقلىرى ۋە كۈچلۈك پۇتلىرىغا تايىنىپ ۋەھشىي ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى تېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ.



زىراپە بالىسىنى قوغداش ئۈچۈن شىرنى بىر تېپىش بىلەنلا قوغلىۋەتتى.


چوققىسىدا بىر جۈپ قىسقا مۈڭگۈزى بار بولۇپ، ئۆمۈر بويى تېرىگە ئورۇلۇپ تۇرىدۇ، چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

زىراپىنىڭ چىرايلىق ھەم چوڭ بىر جۈپ كۆزى بولۇپ، كۆز ئالمىسى ناھايىتى چوڭ، كۆرۈش ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى.




### قانچىلىك تېزلىكتە ئۆسىدۇ؟

زىراپىنىڭ موزىيى تۇغۇلۇپ 20 مىنۇتتىلا ئورنىدىن تۇرالايدۇ، بويى ئىككى مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆسۈشى ناھايىتى تېز بولۇپ، ھەر ئايدا 5~8 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ.




قۇيرۇقى چىۋىن قورۇغۇچقا ئوخشايدۇ، پۇلاڭشىپ ھاشاراتلارنى قوغلىۋېتەلەيدۇ.

پۇتىدا ئىككى بارمىقى بار.

### ئالەمدە بىر سىزىقچىلار

زىراپىنىڭ تېرىسىدە ھەرخىل شەكىلدىكى قېنىق قوڭۇر رەڭلىك سىزىقچىلار بولىدۇ. يېشى قانچە چوڭايسا بۇ سىزىقچىلارنىڭ رەڭگى شۇنچە قېنىقلىشىدۇ. ھەر بىر زىراپىنىڭ بەدىنىدىكى سىزىقچىلار خۇددى ئادەمنىڭ بارماق ئىزلىرىغا ئوخشاش پەرقلىق بولىدۇ.



قېنى كىم قالتىسكىن؟

### ئۇرۇشۇش

زىراپىلەر جۈرە تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئۇلار باش ۋە بوينىنى كۈچەپ سىلكىپ قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىدۇ. بەزىدە بويۇنلىرىنى ئۆزئارا گىرەلەشتۇرۇپ كۈچ سىنىشىدۇ.




## خالتىلىق ئېيىق

خالتىلىق ئېيىقنىڭ قۇيرۇقى يوق، بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى ئۆزگىچە بولۇپ، ئېغىزى ئارقا تەرەپكە قارايدۇ. شۇڭا كامار كولاپ توپا چىقارغاندا پاسكىنا نەرسىلەر ئاسانلىقچە خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. خالتىلىق ئېيىق دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.

خالتىلىق ئېيىق كىچىككى كۆپىنچە قىش كۈنلىرى تۇغۇلىدۇ، 8 ئايغىچە بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىدا تۇرىدۇ، كېيىن ئۆمىلەشنى ئۆگىنىدۇ، بىر يىلدىن كېيىنلا ئاندىن مۇستەقىل ياشىيالايدۇ.

خالتىلىق ئېيىق كامار كولاشقا ئامراق، سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار ئىچىدە ئۇنىڭ كولىغان كامىرى ئەڭ چوڭ.



بېشى كىچىك، كۆزى تومپىيىپ چىققان.

قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئەتراپتىكى شەپىلەرنى هوشيارلىق بىلەن تىڭشايدۇ.

ئاغزى كىچىك، دورداي كالپۇك بولۇپ، يەردىكى ئوت-چۆپلەرنى ناهايىتى ئاسان يېيەلەيدۇ.

## خالتىلىق هايۋانلار

**بەزى هايۋانلارنىڭ چىشىسىنىڭ قورسىقىدا بالىسىنى باقىدىغان بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى بولىدۇ، بۇنداق هايۋانلارنى خالتىلىق هايۋانلار دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن، كولا، خالتىلىق ئېيىق، كېنگورۇ، خالتىلىق چاشقان قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاۋستىرالىيىدە ياشايدۇ.**

ئالدى پۇتلىرى قىسقا، كىچىك، تىرناقلىرى ئۆتكۈر، ئادەمنىڭ قولىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تۇتۇپ ئالالايدۇ.

كېنگورۇ بالىسى ئۈچ-تۆت ئايلىق بولغاندا خالتىدىن چىقىپ ئەتراپقا سەپ سالىدۇ. تەخمىنەن 8 ئايلىق بولغاندا پۈتۈنلەي مۇستەقىل ياشايدۇ.

كېنگورۇنىڭ بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى ئىچىدە تۆت دانە يېلىن تۇپچىسى بولسىمۇ، لېكىن پەقەت ئىككىسىدىلا سۈت بولىدۇ.



ئاۋۋال تۇغۇلغان بالىسىنى هاپاش قىلىۋېلىپ تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسىغا بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىنى بىكارلايدۇ.

دۈپدۈگىلەك كۆزلىرى خۇددى ئەينەك شارچىغىلا ئوخشايدۇ.

بۇرنى قاپقارا، شەكلىمۇ ناهايىتى ئۆزگىچە بولۇپ، كۆزگە ئالاهىدە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

كولا پەقەت ئېۋكالىپت يوپۇرماقلىرىنىلا يەيدۇ.

كولا ياۋاش ۋە بەكلا ئوماق.



### كولا

كولا دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «سۇ ئىچمەيدىغان هايۋان» دېگەنلىكتۇر. ئۇلار يىل بويى دەرەخ ئۈستىدە ياشايدۇ. ئۇلار يۇمران ئېۋكالىپت دەرىخى يوپۇرماقلىرىدىن يېتەرلىك سۇغا ئېرىشەلەيدۇ.



ئانىسى يېمەكلىك ئىزدەش بىلەن ئالدىراش، قىزىقىقاق بالىسى ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئۆمىلەپ چىقىپ ئەتراپقا قارىماقتا.

كۆزى كىچىك ھەم قارا

قۇيرۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ.

## خالتىلىق بورسۇق

خالتىلىق بورسۇق گۆشخور خالتىلىق ھايۋان بولۇپ، ئۇ باشقا ھايۋانلارنىڭ تېنلىرىنى (جەسەتلىرىنى)، ھەرخىل ئەخلەت ۋە بىر قىسىم قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ لىچىنكىلىرىنى يەيدۇ. ئۇنىڭ كىچىكى يوغانچىكە ۋە ئاۋازى قورقۇنچلۇق بولغاچقا «ئالۋاستى» دەپ ئاتالغان.



ئاۋسترالىيىنىڭ تاسمانىيە ئارىلىدا ياشايدىغان خالتىلىق بورسۇق

خالتىسىغا ئۈچ ياكى تۆت بالىسى سىغىدۇ

## خالتىلىق چاشقان

خالتىلىق چاشقان كولاغا ئوخشاش سۇغا يېقىن ئورمانلىقلارنىڭ چېتىدىكى دەرەخلەردە ياشايدۇ. ئادەتتە ھاشارات بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بەزىدە شىرنىلىك مېۋە ۋە يۇمران يوپۇرماقلارنىمۇ يەيدۇ.

خالتىلىق چاشقان تۇيۇقسىز تۇتۇلۇپ قالسا يالغاندىن ئۆلۈۋالىدۇ.



كۆندۈزى كۈن ئىسسىغاندا دەم ئالىدۇ، كەچقۇرۇن سالقىنلىغاندا يېمەكلىك تېپىپ يەيدۇ. ئوت-چۆپ ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېمەكلىك قىلىدۇ.

## كېنگورۇ

كېنگورۇنىڭ ئالدى پۇتى قىسقا، كەينى پۇتى مەزمۇت ھەم يوغان. يول ماڭغاندا پەقەت كەينى پۇتىغىلا تايىنىپ سەكرەپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى بالىسىنى پاتۇرالايدۇ. يەنە تېخى يېڭى تۇغۇلغان بالىسى خالتا ئىچىدە سۈت ئېمەلەيدۇ.



كېنگورۇنىڭ سەكرەش ئارىلىقى 10 مېتىرغا يېتىدۇ، خەتەرگە يولۇققاندا ھەتتا كىچىكرەك دەريالاردىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

قۇيرۇقى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ، قۇيرۇقىنىڭ تۈۋى توم كېلىدۇ.

چوڭ قىزىل كېنگورۇ ئۆرە تۇرغاندا كەينىدىكى ئىككى پۇتى بىلەن قۇيرۇقى ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك تىرەك بولۇپ، بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.




كېنگورۇ بالىسى خەتەرگە يولۇقسا قانداق قىلىدۇ؟

www.uyghurkitap.com



بەزىدە بىر ئامبار چاشقىنىنىڭ كامىرىدىن نەچچە كىلوگىرام بۇغداي، سېرىق پۇرچاق، خاسىيەتلىك قاتارلىق ئاشلىقلار چىقىدۇ.



سەزگۈر ئاق چاشقان

### ئامبار چاشقىنىنىڭ قوۋۇز خالتىسى

ئامبار چاشقىنىنىڭ ئىككى قوۋۇز خالتىسى بولۇپ، خېلى كۆپ يېمەكلىك قاچىلىغىلى بولىدۇ. ئۇ قاتتىق دانلارنى ئاغزىغا سېلىپ تىلى بىلەن ئىتتىرىپ قوۋۇز خالتىسىغا كىرگۈزىدۇ ۋە خالتىسى توشقاندىن كېيىن كامارغا قايتىپ كېلىپ قوۋۇز خالتىسىدىكى يېمەكلىكلەرنى قۇسۇپ چىقىرىپ «قازناق»تا ساقلايدۇ.

## چاشقانلار

چاشقانلارنىڭ تولىسىنىڭ بەدىنى كىچىك، ئىنكاسى چاققان بولۇپ، نەرسىنى غاجىلاشقا ئامراق. ئۇلارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى، ھەرقانداق مۇھىتتا ياشىيالايدۇ. نۇرغۇنلىغان ھايۋانلار چاشقانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۈشەندىلىرى ناھايىتى كۆپ.




ئامبار چاشقىنى ئېتىز، ئوتلاقلاردا ياشايدۇ، ئادەتتە كامار كولاپ ماكانلىشىدۇ.

### ئۆي چاشقىنى

ئىنسانلارنىڭ ئۆيىدە ياشايدىغان چاشقانلار ئۆي چاشقىنى دېيىلىدۇ. ئۇ ئاشلىق، قەنت-گېزەك، مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلارنى ئوغرىلاپ يەيدۇ، ئۆي جاھازىلىرىنى غاجىلايدۇ، كىيىم-كېچەكلەرنى قىرقىيدۇ، ئۆي قۇشلىرى ۋە كىچىك ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان باللىرىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، يەنە تېخى چۇما كېسىلى تارقىتىدۇ. بەزىدە توك سىملىرىنى غاجاپ ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.



بەزى چاشقانلار سۇ ئۈزەلەيدۇ، دائىم ئەۋرەز يولى ئارقىلىق ئۆيگە كىرىۋالىدۇ.



ئوتلاق ئىتسىمان چاشقىنىنىڭ ئاۋازى ئىتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىغاچقا «ئوتلاق ئىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

### ئوتلاق ئىتسىمان چاشقىنى

ئوتلاق ئىتسىمان چاشقىنى توپلىشىپ ياشايدۇ. بىر ئەركەك چاشقان ئۈچ-تۆت چىشى چاشقان ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر جەمەت قۇرۇپ بىر پارچە زېمىن ئىگىلەيدۇ. ئۇلار كولىغان ئۇۋىنىڭ نۇرغۇنلىغان يوللىرى بولۇپ، شۇ ئۇۋىدا بالا باقىدۇ، ئوزۇقلىنىدۇ ۋە قىشلىق ئۇچەككە كىرىدۇ.

جاۋاب: EDCBA

www.uyghurkitap.com




چاشقاننىڭ كۈشەندىسى قايسىلار؟



دەرەختىن سەكرەپ چۈشكەندە قۇيرۇقى پاراشۇتنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.







كېچىسى ئۇخلىغاندا قۇيرۇقىنى يېپىنچا قىلىدۇ.

قۇيرۇقىنى ھەر خىل شەكىلدە پۇلاڭلىتىش ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ ۋە ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.



دەرەخ شاخلىرىدا سەكرىگەندە قۇيرۇقى ئەڭ ياخشى تەڭشەك بولىدۇ.

يۇمشاق ۋە پاخپىيىپ تۇرغان قۇيرۇقى تىيىننى ناھايىتى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇيرۇقىنىڭ رولى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تىيىننىڭ ياخشى ياردەمچىسى ھېسابلىنىدۇ.

## چىپار تىيىن

چىپار تىيىننىڭ دۇمبىسىدە 3～5 تال يول-يول سىزىقى بولىدۇ. چىپار تىيىن نەرسە يېگەندە يېمەكلىكنى ئالدى پۇتى بىلەن ئاغزىغا ئاپىرىپ شاكىلىنى ئاقلايدۇ ئاندىن ئورۇقىنىڭ ئاسان يارغىلى بولىدىغان ئورنىنى تېپىپ، چىشلەپ يېرىپ مېغىزىنى يەيدۇ.

## يېمەكلىكنى يوشۇرۇپ قويۇشقا ئامراق تىيىن

تىيىن قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەر ۋە ئورۇقلارنى يەرگە كۆمۈپ ياكى كامارلارغا يوشۇرۇپ قىشتا يېيىشكە ساقلايدۇ. لېكىن بەزىدە يوشۇرغان جايىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە كېيىنكى يىلى ئورۇقلار بىخلىنىپ يۇمران كۆچەتلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ تىيىنلار نۇرغۇنلىغان دەرەخلەرنىڭ تېرىپ ئۆستۈرگۈچىسى بولۇپ قالغان.



چىپار تىيىن

تىيىننىڭ كۈرەك چىشى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ قارىغاي مېۋىسى، ئورمان ياڭىقى ۋە ياڭاقلارنىڭ قاتتىق شاكىلىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا چىشلەپ يېرىۋېتەلەيدۇ.



### سازاگنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

سازاگنىڭ پايدىسى بەك كۆپ، ئۇ ھەم تۇپراقنى يۇمشىتىدۇ، ھەم توخۇ، ئۆردەك قاتارلىق ئۆي قۇشلىرىنىڭ ئالىي يېمەكلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە جۇڭيى دورىسى ياساشقا بولىدۇ. سازاگدىن ياسالغان دورىنىڭ قىزىتما قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاپ دەم سىقىشنى پەسەيتىش، ھەيزنى ماگدۇرۇپ تومۇرلارنى راۋانلاشتۇرۇش رولى بار. ئەلۋەتتە ئۇ يەنە بېلىق تۇتۇشتا ئەڭ ياخشى يەمچۈك بولالايدۇ.

سازاگنىڭ ئۆپكىسى يوق، نەم تېرىسىگە تايىنىپ نەپەسلىنىدۇ. شۇڭا يامغۇردىن كېيىن يەر ئۈستىگە چىقىپ قالغان نۇرغۇن سازاگلارنى ئۇچرىتىمىز.

**سازاڭ**

سازاگنىڭ ئىككى ئۇچى ئىنچىكە، پۇت ۋە كۆزلىرى يوق. بېشىمۇ روشەن ئەمەس، پۈتۈن بەدىنى ھالقىلار بىلەن قاپلانغان. ئۆسۈملۈك قالدۇقلىرىنى يەپ ياشايدۇ. سازاڭ ناھايىتى كۈچلۈك زېگېنېراتسۇ (قايتا ئۆسۈش) ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، تېنى ئۈزۈلۈپ كەتسە قايتا ئۆسۈپ چىقىدۇ.

سازاگنىڭ ئېغىزى ئۈشكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئالدىدىكى تەرەققىي قىلغان مۇسكۇلى مەخسۇس تۆشۈك قېزىپ تۇپراقنى يۇمشىتىدۇ، بۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ناھايىتى پايدىلىق.

## سازاڭ، سەكسەنپۇت ۋە ئۆمۈچۈك

سازاڭ، سەكسەنپۇت ۋە ئۆمۈچۈكلەر بىر تۈردىكى ھايۋانلار ئەمەس، لېكىن ھەممىسى سايە ھەم نەم جايلاردا مەسىلەن، تۇپراقتا، تاش ياكى تەشتەكلەرنىڭ ئاستىدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشىغا بولغان ياردىمى زور، ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە.



قوشۇمچە ئەزا (پۇت)لىرىغا تايىنىپ يەر بېغىرلاپ ماڭىدۇ.



ئەڭ ئاخىرقى بىر بوغۇمدىن باشقا ھەر بىر بوغۇمدا بىر جۈپ پۇتى بولىدۇ. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سەكسەنپۇتنىڭ 21 جۈپ پۇتى بار.

بىرىنچى جۈپ قوشۇمچە ئەزاسى (پۇتى)دا زەھەرلىك تىرنىقى بار بولۇپ، زەھەر بېزى شۇ جايدىن ئېغىز ئاچقان. ئۇلجا تۇتۇلغاندا زەھەر سۈيۈقلۇقىنى مۇشۇ ئەزا ئارقىلىق ئۇلجىنىڭ تېنىگە سانجىپ كىرگۈزۈپ ئۆلتۈرىدۇ.

مۇگگۇزسىمان سەزگۈ ئەزاسىدا نۇرغۇنلىغان بوغۇملىرى بار.

## سەكسەنپۇت

سەكسەنپۇتلار چىرىگەن ياغاچ كاۋاكلىرى ۋە تاش يوچۇقلىرىدا ياشايدۇ. بوغۇملىرى ۋە پۇتلىرى كۆپ بولۇپ، زەھەرلىك بوغۇم پۇتلۇقلار تۈرىگە كىرىدۇ. كېچىسى چىقىپ ئۇششاق ھاشارات، لۇم-لۇم قۇرت ۋە يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېيىشكە ئامراق. سەكسەنپۇت بىر خىل جۇڭگو تېبابىتى دورا ماتېرىيالى بولۇپ، سەكتە ( شامالداراش )، تېتانۇس ( قاتما كېسلى )، يىلان يارىسى قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆمۈچۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ 8 دانە ئاددىي كۆزى بار، لېكىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ناھايىتى ناچار.

ئۆمۈچۈك تورىنىڭ تىتىرىشىدىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن ئەتراپىدىكى ئۇلجىلىرىنى بايقايدۇ.

## ئۆمۈچۈك

ئۆمۈچۈك بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان بولۇپ، مۈگگۈزسىمان سەزگۈ ئەزاسى ۋە قانىتى يوق، باش ۋە كۆكرىكى قوشۇلۇپ كەتكەن، تۆت جۈپ پۇتى بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زەھەرلىك بەزىلىرى زەھەرسىز، بەزىلىرى تور توقۇپ ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ، بەزىلىرى تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ، يەنە بەزىلىرى تۆشۈك تەييارلاپ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ساقلايدۇ، ئۇلجا شۇ جايدىن ئۆتىشىگىلا ئېتىلىپ چىقىپ تۇتىۋالىدۇ.

قىزىل دۇمبىلىك چىشى ئۆمۈچۈكنىڭ زەھىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن زور، ھەتتا ئۆزىنىڭ جۈرىسىنىمۇ بوش قويمايدۇ.



تور توقۇش ئۆمۈچۈكنىڭ تۇغما ئىقتىدارىدۇر. ئۆمۈچۈك تور يىپچىلىرى بىر خىل تالا ئاقسىلى بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 700 مېترغا يېتىدۇ، دىئامېترى ئاران 2 مىكرو مېتىر كەلسىمۇ لېكىن كۈچلۈكلۈكى ئوخشاش توملۇقتىكى پولات يىپچىدىن 3 ھەسسە ئارتۇق. ئەۋرىشىملىكتى نىلون ۋە 3 قەۋەتلىك رېزىنكىگە سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ.







نۇرغۇن ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ئەركەك-چىشىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىك پەرقى ناھايىتى زور، قارىماققا بەقەتلا ماس كەلمەيدۇ، يەنە كېلىپ ئەركەك ئۆمۈچۈك چىشى ئۆمۈچۈككە يېقىنلاشسا چىشى ئۆمۈچۈكنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن.

زەھەرلىك ئۆمۈچۈك (دۆ)نىڭ چوڭ چىشىدىن چىقىدىغان زەھەر سۈيۈقلۇقىنىڭ زەھىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇلجىسىنى نەچچە سېكۇنتتىلا ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزىم قىلىش سۈيۈقلۇقىنى ئۇلجىنىڭ تېنىگە كىرگۈزۈپ ئۇلجىنى ئېرىتىپ شورپىسىمان ھالەتكە كەلتۈرۈپ شوراپ ئوزۇقلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەڭ چوڭ مېگاپتېرا كىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، ئېغىرلىقى 33 تونا كېلىدۇ.

## كىتلار


كىت دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھايۋان. بىر كۆك كىتنىڭ ئېغىرلىقى 150 ~ 200 تونىنا بولۇپ، 25 پىلنىڭ ئېغىرلىقىدىنمۇ ئېغىر. كىت ئۆپكىسى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. ئۇ دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان كىت باللىرى ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىدۇ. كىتلار بۇرۇتلۇق كىتلار ۋە چىشلىق كىتلار دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### ناخشا ئېيتالايدىغان كىتلار

مېگاپتېرا كىتى بۇرۇتلۇق كىتلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ «ناخشا ئاۋازى» دېڭىز سۈيىدە ناھايىتى يىراقلارغىچە تارقىلالايدۇ، بەزىدە نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرغان ھەمراھى بىلەنمۇ «ناخشا ئاۋازى» ئارقىلىق پاراڭلىشالايدۇ.

### ئىپار كىت

ئىپار كىت چولڭ تىپتىكى چىشلىق كىت بولۇپ، ئۇچىيىدە «ئەنبەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر پۇراقلىق ئاجراتما ماددا بار. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك ئەتىرلەرنىڭ خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.



چوققىسىدىكى ھاۋا تۆشۈكى كىتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى بولۇپ، گاز پۈركۈش تۆشۈكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بېشى ناھايىتى چوڭ، 3000 مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇرلۇققا چۆكۈپ يېمەكلىك تۇتالايدۇ.

تېنىدە كۈلرەڭ ۋە قوڭۇر داغسىمان چېكىتلىرى بولىدۇ. دۈمبە ئۈزگۈچىسى (يالاقچىسى) بولمايدۇ، لېكىن بىر قاتار ئۆسۈكچىلىرى بولىدۇ.




ئەگەر كىت بىلەن بىر كىچىك پاراخوت ئارغامچا تارتىشسا قايسىسى يېڭىدۇ؟

### بىر مۈڭگۈزلۈك كىت

بىر مۈڭگۈزلۈك كىت نارۋال كىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەركەك كىتنىڭ بېشىدىكى بىر تال مۈڭگۈزى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆتتۇر چىشى بولۇپ، ئۇزۇن نەيزىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار تۈپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاساسلىقى بېلىق تۇرىدىكلەرنى يەيدۇ.



بىر مۈڭگۈزلۈك كىتنىڭ ئۆتتۇر چىشى بۇرمىسىمان ئۆسكەن.



جاۋاب: B

www.uyghurkitap.com


كىتلار بەزىدە تېيىز سۇ رايونى ياكى قىرغاققا كېلىپ قېلىپ قايتىپ كېتەلمەي قالىدۇ. بۇنداق چاغدا كىتنىڭ تېرىسى سۇسىزلىنىش ۋە ئاپتاپ سەۋەبىدىن يېرىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا قۇتقۇزۇلمىسا ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.



تېيىز سۇدا توختاپ قالغان كىتنى قۇتقۇزۇشتىكى ئەڭ ياخشى چارە ئۇنىڭ تېنىگە سۇ چېچىپ تۇرۇش ھەم ئامالنىڭ بارىچە تېزراق دېڭىزغا قايتۇرۇلۇشىغا ياردەملىشىشتۇر.

كىت قۇيرۇقى چوڭ ھەم ئېغىر بولۇپ، كىتنىڭ مۇھىم ئەزاسىدۇر، ئۇنىڭ تېگىش سېزىمى ئۆتكۈر، بەدىنىنى ئالدىغا ئىتتىرەلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇرۇشۇش قورالى بولۇپ، قۇدرىتى چەكسىز. كىت بەزىدە چوڭ قۇيرۇقىنى دېڭىز سۈيىگە توغرىسىغا ئۇرۇپ غايەت زور ئاۋاز چىقىرىپ ئوينايدۇ.

كىت دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەنگە چۆككەندە قۇيرۇقى دېڭىز يۈزىدىن 9 مېتىرچە ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلىدۇ.



كىتلار نەپەسلەنگەندە بېشىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ چوققىسىدىكى نەپەسلىنىش تۆشۈكىنى ئاچىدۇ، نەپەسلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھاۋا تۆشۈكىنى يېپىپ سۇغا يەنە كىرىپ كېتىدۇ. كىتلار بىر تۆۋەت نەپەسلىنىپ سۇدا 20 نەچچە مىنۇت چۆكۈپ تۇرالايدۇ. ئېيار كىت بولسا 2 سائەت ئەتراپىدا چۆكۈپ تۇرالايدۇ.

بالېنا كىتى چوڭ تىپتىكى بۇرۇتلۇق كىت بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ دۈمبە ئۈزگۈچىسى بولمايدۇ، دۈمبىسى دېڭىز يۈزىگە بىۋاسىتە چىقىپ تۇرىدۇ. بالېنا كىتىنىڭ سۇ ئۈزۈشى ئاستا بولغانلىقتىن بۇرۇن كۆپ مىقداردا ئوۋلانغان.

سۇدىن بېشىچە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۈزگۈچىسىنىڭ ياردىمىدە بۇرمىسىمان ئۆرلەپ، سۇغا ئوگدىسىغا چۈشىدۇ.

بۇرۇتلۇق كىتلار تەرسە يېگەندە، ئالدى بىلەن يوغان ئاغزىنى ئېچىپ دېڭىز سۈيىنى ئاغزىغا ئالىدۇ. ئاندىن ئاغزىنى يۇمۇپ دېڭىز سۈيىنى تىلى بىلەن سىقىپ چىقىرىۋېتىپ قېلىپ قالغان فوسفورلۇق راكلارنى يۇتۇۋېتىدۇ.

بىر كىت بىر كۈندە 2.5 توننا فوسفورلۇق راكنى يەۋېتىدۇ.

كۈلرەڭ كىت شىمالىي تىنچ ئوكياندا ياشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر كېلىدۇ. بۇرۇتلۇق كىتلار تۈرىگە مەنسۇپ.

## بالا كىتنى بېقىش

كىتنىڭ ئېمىتىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئۆزگىچە بولۇپ، ئانا كىت سۈتىنى بالا كىتنىڭ ئاغزىغا ئۆزى پۈركۈپ كىرگۈزۈپ بېرىدۇ، ئانا كىت يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى ئىنتايىن ئاسرايدۇ، يېنىدىن پەقەتلا ئايرىمايدۇ.




## سۇدىكى قۇتقۇلدۇرغۇچى

دېلفىن ناھايىتى كۆيۈمچان بولۇپ، كىچىك ياكى ئاجىز، كېسەل تۇرداشلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەملىشىدۇ. دېڭىزدا خەتەرگە يولۇققان ئادەمنىمۇ قىرغاققا چىقىرىپ قويىدۇ. ئۇ سۇدىكى ناھايىتى ياخشى قۇتقۇلدۇرغۇچىدۇر.

دېلفىن سۇغا چۆشۈپ كەتكەن كىچىك بالىنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئادەملەر بار جايغا قاراپ تېز سۈرئەتتە ئۈزمەكتە.



پۈتۈن تېنى سۇيۇر شەكىللىك بولۇپ، ھەرىكىتى ناھايىتى چىرايلىق.

كۆندۈرۈلگەن دېلفىن توپ ئۇسۇش، چەمبىرەكتىن ئۆتۈش، تىكتاك توپ ئويناش قاتارلىق ئويۇنلارنى كۆرسىتەلەيدۇ.

## دېلفىن


دېلفىن سۇدا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، شۇنداقلا ئەڭ كىچىك كىت تۈرىدىكى ھايۋان. ئۇلارنىڭ تولسىنىڭ دۈمبىسىدە ئۈزگۈچىسى بولىدۇ. ئاساسەن بېلىق ۋە سىياھبېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بەزى چوڭراق دېلفىنلار باشقا دېڭىز ھايۋانلىرىنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ. دېلفىنلار ناھايىتى ئەقىللىق، ئىنسانلارنىڭ ياخشى دوستى.



بېشى ناھايىتى كىچىك، بىراق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى.

## ئاجايىپ مېڭە

دېلفىننىڭ چوڭ مېڭىسى ئاجايىپ بولۇپ، پۈتۈنلەي ئايرىم-ئايرىم ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بىر بۆلىكى ئىشلەۋاتقاندا يەنە بىر بۆلىكى ئارام ئالىدۇ. شۇڭا دېلفىن ئۇيقۇغا موھتاج ئەمەس.




سۇ ئاستىدا ھەمراھلىرى بىلەن ئەكس سادا ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ خۇددى ئىنسانلار پاراڭلاشقاندەك ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ.



ھەر يىلى مىڭلىغان كىت-دېلفىن تۈرىدىكى ھايۋانلار بېلىق تورىغا چىرمىشىپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## ئەكس سادا ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش

دېلفىننىڭ تېنىدە ئاجايىپ ئەكس سادا ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى بولىدۇ. شۇڭا دېلفىن ئولجىسىنى ئىزدەش ۋە تۇتۇشتا قىينالمايدۇ، ھەتتا كۆزنى يۇمۇۋالغان تەقدىردىمۇ ئولجىسىنىڭ ئورنىنى توپتوغرا بىلەلەيدۇ.



## ئورکا كىتى

ئورکا كىتى دېلفىن خىلىغا كىرىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئەۋجىشى، ئىشتىھاسى ناھايىتى زور، بىر نۆۋەتتە ئوندىن ئارتۇق دېلفىن ياكى تيۇلېنى يەۋېتىدۇ. لېكىن ناھايىتى ئەقىللىق، كۆندۈرۈلسە ئويۇن كۆرسىتەلەيدۇ.

دېلفىننىڭ ئوتتۇرىچە سۈزۈش سۈرئىتى سائىتىگە 40 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ تورپېدا قويۇپ بەرگۈچى موتورلۇق كېمىنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتىگە باراۋەر.

ئورکا كىتىنىڭ ئۈچبۇرجەك دۈمبە ئۈزگۈچىسى قەدىمكى دەۋرلەردىكى پالۋانلارنىڭ يالمانلىق نەيزىسىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئورکا كىتى دەپ ئاتالغان.

ئورکا كىتى بىر خىل چىشلىق كىت بولۇپ، چىشلىرى ئۆتكۈر، يېمەكلىك تۇتقاندا دائىم ھۆركىرەيدۇ.


دېلفىننىڭ ئېغىرلىقى 23~225 كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى 1.2~4.2 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

دېلفىننىڭ ئۆپكىسى ناھايىتى چوڭ، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى ئۆپكىسىنىڭ 1.5~2 ھەسسىسىگە باراۋەر.

كەڭ تۇمشۇقلۇق دېلفىن يەنە شىشىسىمان بۇرۇنلۇق دېلفىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل دېلفىن بىزگە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ.

## ئاق پالاقچىلىق دېلفىن

ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن ئېقىنىدا ياشايدۇ. توپلىشىپ ياشاشقا ئامراق. ئاق پالاقچىلىق دېلفىن مۇشۇكتېيىقتىنمۇ قەدىمي ھايۋان بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان سانى ناھايىتى ئاز. مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋىنى ھېسابلىنىدۇ.



ئاق پالاقچىلىق دېلفىن ئاتلىق سۇ دېلفىنى بولۇپ، 25 ~ 30 يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن ئاق پالاقچىلىق دېلفىننىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2~2.5 مېتىر، ئېغىرلىقى 200~300 كىلوگرام كېلىدۇ.

تەخمىنەن 100 دانە ئۇچلۇق ۋە ئىنچىكە چىشلىرى بولىدۇ.


# لەھەك ۋە سىكات بېلىقى

**لەھەك (ئاكۇلا) ۋە سىكاتلارنىڭ ھەممىسى كۆمۈرچەكلىك بېلىقلار تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرى يېنىك، يۇمشاق، ئەۋرىشىملىككە ئىگە، تېنىدە بېلىق پۇۋەكچىسى يوق، ئۈزۈشتىن توختىسىلا دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىدۇ.**




## لەھەك

لەھەك دېڭىز-ئوكيانلاردىكى چوڭ تىپلىق گۆشخور بېلىق بولۇپ، جەمئىي 368 تۈرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت 25 تۈرىلا ئىنسانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدۇ. لەھەكنىڭ بەزىلىرى تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ، بەزىلىرىنىڭ تۇخۇمى قورسىقىدا يېتىلىپ لەھەك بېلىقچىلىرىغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئاندىن تۇغۇلىدۇ، بۇ تۇخۇم تۆرەلمىلىك تۇغۇلۇش دېيىلىدۇ.



كۈرەكباش لەھەكنىڭ بېشى ئىككى تەرەپكە بۆرتۈپ چىققان بولۇپ، ئىككى يانغا تۈگۈلگەن چاچقا ئوخشايدۇ.

## چوڭ ئاق لەھەك

چوڭ ئاق لەھەكنىڭ كۆپىنچىسى ئىللىق دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ، بارلىق لەھەكلەردىن ۋەھشىي. چوڭ تىپتىكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئاندا-ساندا ئادەملەرگە ۋە بېلىقچىلىق كېمىلىرىگىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ.

كىتسىمان لەھەك دېڭىز-ئوكيانلاردىكى ئەڭ چوڭ ئەمما ئەڭ ياۋاش بېلىق بولۇپ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىرغا يېتىدۇ. پەقەت ئۇششاق بېلىق، ئۇششاق راك ۋە كىچىك تىپتىكى لەيلىگۈچى جانلىقلارنىلا يەيدۇ.



لەھەكنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى ئىپار كىت، ئۇندىن قالسا دېلفىن. دېلفىن ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن لەھەكنىڭ قورسىقىنى تېشىۋېتىدۇ.




جاۋاب: C

## سكات بېلىقى

سكات بېلىقىنىڭ تېنى ياپىلاق، دېڭىز تېگىدە ياشايدۇ. ئۇدۇل كۆرۈنىشى يۇمىلاق، موكسىمان قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ. يەنە قامچىغا ئوخشاش قۇيرۇقى بولىدۇ. دائىم ئۇچرايدىغانلىرى ساپانسىمان سكات بېلىقى، توكلۇق سكات بېلىقى ۋە تىكەنلىك سكات بېلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.



ساپانسىمان سكات بېلىقىنىڭ شەكلى ساپانغا ئوخشىغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان.

تۇمشۇقى ئۇچبۇلۇڭ شەكلىدە.

چوڭ [illegible] دېڭىز ئېقىنى [illegible] ھىدلارغا [illegible] ئولجىسىنى توپتوغرا [illegible]



توكلۇق سكات بېلىقى ھەر نۆۋەتتە 100 ۋولتتىن ئارتۇق توك چىقىرىپ ئولجىسىنى توكتا سوقۇپ ھوشسىزلاندۇرىدۇ.




بۇرنىدىكى ئويمان جايى [illegible] سېزەلەيدۇ. شۇڭلاشقا باشقا [illegible] ھاسىل قىلغان بىئوئېلېكترنى [illegible] قاراڭغۇلۇقتىمۇ ئولجىسىنىڭ ئورنىنى توغرا مۆكۈم قىلالايدۇ.

ئالدىنقى قۇردىكى چىشلىرى ئاشالىشىپ كەتكەندە، كەينى قۇردىكى چىشلار ئالدىغا سىلجىپ بۇ چىشلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدۇ. ئۇلار يېڭى چىش چىقىپ تۇرىدۇ، چىشلارنىڭ ئالمىشىش دەۋرى پەقەت بىر نەچچە ھەپتىلا بولىدۇ.

## توكلۇق سكات بېلىقى

توكلۇق سكات بېلىقى توك چىقىرالايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئادەتتە دېڭىز تېگىدىكى لاي قۇملارغا يوشۇرۇنۇۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قورسىقى ئاچقاندا ئاندىن چىقىپ بېلىق توپىغا قوشۇلىدۇ. ـ دە بېلىقلارنى توك بىلەن سوقۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپ ئاندىن قورسىقىنى راسا تويغۇزىدۇ.

تىكەنلىك سكات بېلىقىنىڭ قۇيرۇق تىكىنى ناھايىتى زەھەرلىك.



بۇۋام پۇتىنى سۇغا چىلاپ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

A پۇتىنى يۇيۇۋاتىدۇ.

B توكلۇق سكات بېلىقى بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ.

C توكلۇق سكات بېلىقىنىڭ توك چىقىرىشىدىن پايدىلىنىپ رېماتىزمىنى داۋالاۋاتىدۇ.



# قۇلۇلە ۋە سەدەپلەر

تېنى يۇمشاق، پۈتۈن گەۋدىسى باش، پۇت، ئىچكى ئەزا خالتىسى، سىرتقى قاپلىما پەردە ۋە قاپتىن تەركىب تاپقان بىر خىل جانلىقلار بولۇپ، ئۇلارنى سەدەپ ـ قۇلۇلە دەپ ئاتايمىز. قۇلۇلىنىڭ بىر بۆرمىسىمان قېپى بولىدۇ. سەدەپنىڭ ئۆزئارا سىمېترىك ئېچىلىپ ـ يېپىلىدىغان ئىككى قېپى بولىدۇ.



دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ تاش قاتمىسى



ئېتىز قۇلۇلىسى

## تاتلىق سۇلاردىكى قۇلۇللەر

ئېتىز قۇلۇلىسى كۆلچەك ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە سۇ ئۆتلىرىنى يەپ ياشايدىغان تاتلىق سۇ قۇلۇلىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قېپى بۆرمىسىمان ھالەتتە قەۋەت ھاسىل قىلغان. يېشى قانچە چوڭ بولسا قەۋەت سانى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.



قۇلۇلە قوش جىنسلىق ھايۋان بولۇپ ھەر بىر يەككە تەنىنىڭ ئۆزى ھەم ئاتا ھەم ئانا.

## دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى قۇلۇللەر

دېڭىز قۇلۇللىرى دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ياشايدۇ. تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. بەزى تۈرلىرى ناھايىتى ئەتىۋارلىق. دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ گۆشنى يېيىشكە، قاپلىرىدىن ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا بولىدۇ.

## قۇرۇقلۇقتىكى قۇلۇلە

قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان قۇلۇللەر قۇرقلۇق قۇلۇلىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كېچىسى ياكى نەم ھاۋالىق چاغلاردا چىقىپ ھەرىكەتلىنىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنى يەيدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە زىياندىش ھايۋان.



كۆركەم كونۇس قۇلۇلىسى

رەڭدار مىترا قۇلۇلىسى

سىپرېيە قۇلۇلىسى — دېڭىز قۇلۇلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قېپى فارفور بۇيۇمغا ئوخشاش پارقىراق ھەم چىرايلىق. جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا ئۇ پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. يىلان كۆز قۇلۇلە سىپرېيە قۇلۇلىسىنىڭ بىر تۈرى.





مۇرېكس قۇلۇلىسى سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق ھاسىل قىلالايدۇ، بۇ قۇياش يورۇقىدا بىنەپشە رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، ئۇنى قىممەتلىك تەبىئىي بوياق قىلىشقا بولىدۇ.



رەڭدار قۇلۇلە



قىزىل رەڭ قۇلۇلە



قۇلۇلە بۇرغىنى پۈۋلىسە جاراڭلىق ئاۋاز چىقىدۇ.

قاپ چوققىسىنى تېشىپ قۇلۇلە بۇرغىسى ياسىغىلى بولىدۇ.



سەدەپ قېپىنىڭ ئىچكى يۈزىدە ھەسەن ـ ھۈسەندەك يالتىراق رەڭ بولۇپ ناھايىتى كۆركەم.





نەپىس ئارفاسىمان قۇلۇلىنىڭ قېپى يۈزىدە ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان قىرلار بولۇپ، خۇددى ئارفانىڭ تارىغا ئوخشايدۇ.

①ئۇ نېمىگە يولۇقتى؟
A يەلپۈگۈچسىمان سەدەپ
B دېڭىز قۇلۇلىسى

②قۇلۇلە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ؟
A قاچىدۇ
B قېپىغا كىرىۋالىدۇ




جاۋاب: ①A ②B

www.uyghurkitap.com



## مەرۋايىت قۇلۇلىسى

مەرۋايىت قۇلۇلىسى مەرۋايىت چىقىرالايدىغان دېڭىز قۇلۇلىسىدۇر. قۇم دانچىسى قاپ ئىچىگە كىرىپ قالسا، قۇلۇلىنىڭ يۇمشاق تېنى سۇركۇلۇپ زەخىملەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇلۇلە زور مىقداردا مەرۋايىت ماددىسى ئاجرىتىپ بەدىنىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بۇ مەرۋايىت ماددىسى گۈزەل مەرۋايىتقا ئايلىنىدۇ.



مەرۋايىتتىن مارجان، بىلەزۈك قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا بولۇپلا قالماستىن يەنە يۈز تېرىسىنى ئاسراش، ساقلىقنى ساقلاش دورىلىرىنى ئىشلەشكە بولىدۇ.

قىر ئارىلىقىدىكى يېرىقچىسى

كىپپوپۇس قۇلۇلىسى تىرىداكنا قۇلۇلىسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ھىندى ئوكيان ۋە تىنچ ئوكياندا ياشايدۇ.

## ئەڭ چوڭ قۇلۇلە

تىرىداكنا قۇلۇلىسى نەچچە يۈز ياشقىچە ياشىيالايدۇ. ئۇ قۇلۇلىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، دىئامېتىرى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ قېپىنىڭ يېپىلىش كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، تۆمۈر كالتەكنىمۇ ئېگىۋېتەلەيدۇ.

## سەدەپ


سەدەپ ئىككى قاپلىق يۇمشاق تەنلىك ھايۋان بولۇپ، بېشى رۇدىمېنتلىشىپ كەتكەن. شۇڭا باشسىزلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قاپلىرى ئىككى قاناتلىق ئىشىككە ئوخشاش بەدىنىنى تولۇق ياپالايدۇ.

## يەلپۈگۈچسىمان سەدەپ

يەلپۈگۈچسىمان سەدەپنىڭ قېپى يەلپۈگۈچكىلا ئوخشايدۇ. گىرۋەكلىرىدە بىر قاتار يالتىراپ تۇرىدىغان كۆك رەڭلىك كۆزلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ قاپ ياپقۇچ مۇسكۇلى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىككى پارچە قاپنى قانات قىلىپ سۇدا «ئۇچىدۇ».



مىتىلۇس سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ قارامتۇل سۆسىن رەڭلىك ئىككى قېپى بولىدۇ. بەدىنىنى يۇت يىپچىلىرى ئارقىلىق تاشلارغا چاپلىۋالىدۇ. ئۇلار دائىم قىرغاققا يېقىن دېڭىز سۈيىدىكى تاشلار ئارىسىدا توپ - توپ بولۇپ ياشايدۇ. دېڭىز سۈيىدىكى لەيلىگۈچى جانلىقلارنى سۈزۈش ئارقىلىق ئوزۇقلىنىدۇ.



يەلپۈگۈچسىمان سەدەپ سۇدا ئۈزگەندە قاپ ياپقۇچ مۇسكۇلى يىغىلىپ - بوشاپ قاپلارنى ئېچىپ - يېپىپ تۇرىدۇ. قاپ ئىچىگە سۈمۈرۈلگەن سۇ چىقىرىش تۆشۈكىدىن تېز سۈرئەتتە چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەدەپ سۇنىڭ ئىتتىرىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئويستېر قۇلۇلىسى قوش قاپلىق سەدەپ بولۇپ، ئۆزىنى تاشلارغا مۇقىملاپ ئۆمۈر بويى يۆتكىلەلمەيدۇ.




## پۇتلىرى بېشىدا بولغان دېڭىز ـ ئوكيان جانلىقلىرى

سىياھ بېلىق، سەككىز ئاياغ ۋە نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى قاتارلىقلار دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ياشايدىغان يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەرەققىي قىلغان بىر جۈپ كۆزى ۋە باش قىسمىدا ئۆسكەن نۇرغۇن پۇتلىرى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار باش ئاياغلىقلار دەپ ئاتىلىدۇ.



چوڭ سىياھ بېلىق چوڭقۇر دېڭىزلاردا ياشايدۇ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى 18 مېتىر ئەتراپىدا، ئېغىرلىقى 3 توننا كېلىدۇ. بىر «بېغىشى»نىڭ دىئامېتىرى 25 سانتىمېتىر بولۇپ، ستولبىغا ئوخشاش تۇم، ئۇ ئەڭ چوڭ ئومۇرتقىسىز ھايۋان ھېسابلىنىدۇ.




بېشىدا 5 جۈپ پۇتى بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇنى سەزگۈچى بېغىش دېيىلىدۇ.



چوڭ سىياھ بېلىق

### سىياھ بېلىق


سىياھ بېلىقنىڭ 10 پۇتى بولۇپ، بەدەن تۈزۈلۈشى جەھەتتە سەككىز ئاياغ بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، قېپى بەدىنى ئىچىدە بولىدۇ. ئۇراتورىيە ۋە بېلىجانلارنى يەيدۇ. سىياھ پۈركۈپ چىقىرىدۇ.



سىياھ بېلىقنىڭ تېرىسىدە پىگمېنت ھۈجەيرىلىرى مول بولۇپ، بەدەن رەڭگىنى ناھايىتى تېز ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كۈشەندىسىنى قايمۇقتۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭغا تەھدىت سالىدۇ.

### سىياھ خالتىسى

سىياھ بېلىقنىڭ قورسىقىدا بىر سىياھ خالتىسى بولۇپ، ئىچىدە زەھەرلىك سۇيۇقلۇق بولىدۇ. سىياھ بېلىق خەتەرگە يولۇققاندا بۇ سۇيۇقلۇقنى پۈركۈپ ئەتراپتىكى دېڭىز سۈيىنى قارىغا بويىۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ.



سەزگۈچى بېغىشنى يېمەكلىك تۇتۇش ۋاقتىدىلا ئۇزارتىپ چىقىرىدۇ



سىياھ بېلىق خەتەرگە يولۇققاندا قانداق قىلىدۇ؟

A.كۈچلۈك بېشى بىلەن قارشى تەرەپنى ئۇسىدۇ
B.سەزگۈچى بېغىشى بىلەن كۈشەندىسىنى تۇتىدۇ
C.سىياھ سۇيۇقلۇقنى پۈركۈپ چىقىرىپ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ
D.شورىغۇچى تەخسىلىرى بىلەن كۈشەندىسىنى شورايدۇ

جاۋاب: C

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سەككىز ئاياغ

سەككىز ئاياغ بېلىق ئەمەس، ئەمما ئۇ بېلىققا ئوخشاش تېز ئۈزەلەيدۇ. ئۇنىڭ تېنى باش، پۇت، ئىچكى ئەزا كاللىكى، سىرتقى قاپلىما پەردىسى ۋە قاپتىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان. سەككىز ئاياغمۇ سىياھ پۈركۈيدۇ.

## زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش

كۆك ھالقىلىق سەككىز ئاياغ سەككىز ئاياغلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تېنىدە كۆك رەڭلىك ھالقىسمان داغلىرى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. ئۇنىڭ بەدىنى ناھايىتى كىچىك بىراق زەھىرى ناھايىتى كۈچلۈك. دېڭىزدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ بىرى. ئەگەر ئادەم ئۇنىڭ زەھىرىدىن زەھەرلەنسە ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.



كۆك ھالقىلىق سەككىز ئاياغ

شورىغۇچى تەخسىسى

كۆك ھالقىلىق سەككىز ئاياغنىڭ ھالقىلىرىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، سەككىز ئاياغ بوشاشقاندا سۇس ئاق رەڭگە، ئۆزۈقلانغاندا ياكى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغاندا ئوچۇق كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.



بىغىنىدا ئىككى قۇر شورىغۇچى تەخسىلىرى بولىدۇ. ئۇچى قىسمى ئۇچ ئاپارات دېيىلىدۇ.

سەككىز ئاياغنىڭ سەككىز تال بىغىنى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇ ئۈزىدۇ، سوقۇشىدۇ، ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ.

قاپ تەنچىسى باشلانغان ئۇچىنى تۆرەلمە قاپ دەيمىز. بۇ قۇلۇلە قېپىنىڭ ئەڭ مەركىزىدىكى كىچىك بۆلۈمچىدۇر.

نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى 100 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تېيىز دېڭىز سۈيىدە ياشايدۇ.

نائۇتىلۇس قۇلۇلىسىنىڭ بىغىش سانى ناھايىتى كۆپ، ئەمما، ئىچكى يۈزىدە شورىغۇچى تەخسىلىرى يوق. شۇڭا ئوزۇقلۇق تۇتۇش ئىقتىدارى ناچارراق.



[illegible] ئاياغ قىسمى [illegible] بۆلۈمچە بولۇپ، قۇلۇلە قېپىنىڭ ئەڭ سىرتىدىكى بۆلۈمچىدۇر.

قاپ ئىچىدە ئۆزگۈرۈلگەن ھاۋا خانىلىرى بولۇپ، ئىچىگە ھاۋا تولغان. ھاۋاخانىلاردىكى ھاۋا مىقدارىنى تەڭشەش ئارقىلىق بەدىنىنى خالىغانچە لەيلىتىپ-چۆكتۈرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇنى «ئىپتىدائىي سۇ ئاستى كېمىسى» دېيىشىدۇ.

## نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى

نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى ئىنتايىن قەدىمىي باش ئاياغلىقلاردىن بولۇپ، سىرتقى قىياپىتى باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرمىگەن. سىرتقى قېپى بار. قىسقا بىغىشلىرىغا تايىنىپ ئۈزمىلەپ ماڭىدۇ. قىسقۇچپاقا، راك ۋە دېڭىز كىرپىسى قاتارلىقلارنى يەيدۇ.

## راك ۋە قىسقۇچپاقا

راك ۋە قىسقۇچپاقىلارنىڭ تولىسى ئۇچىسىغا «ساۋۇت» كىيگەن بولۇپ، قاسىراقلىق ھايۋانلار ھېسابلىنىدۇ. ئۆسۈش جەريانىدا نەچچە نۆۋەت قاسراق تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سۇدا ياشايدۇ.





چىشى قىسقۇچپاقا تۇخۇمنى قورسىقىنىڭ يان تەرىپىگە تۇغۇپ بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. بۇنى تۇخۇم ئېلىپ يۈرۈش دەيمىز.

### جۇڭخۇا تۈكلۈك قىسقۇچپاقىسى

جۇڭخۇا تۈكلۈك قىسقۇچپاقىسىنىڭ يېتىلگەن ئەركىكىنىڭ پۇتلىرىنى تۈك قاپلىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.




بىرىنچى جۈپ كۆكرەك پۇتى ئامبۇر پۇت دېيىلىدۇ، ئۇ چوڭ ھەم كۈچلۈك. تۈكلۈك قىسقۇچپاقا ئۇنىڭ بىلەن يېمەكلىك تۇتىدۇ ياكى يېمەكلىكنى پارچىلايدۇ. شۇنداقلا دۈشمىنى بىلەن ئۇرۇشىدۇ.

جۇڭخۇا تۈكلۈك قىسقۇچپاقىسىنىڭ بەش جۈپ كۆكرەك پۇتى بولىدۇ.

يول ماڭغاندا چوڭ ئامبۇر پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ قالغان تۆت جۈپ پۇتى بىلەن ماڭىدۇ.

### قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا

قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقىنىڭ قورسىقى بەك يۇمشاق، قاتتىق قېپى يوق. شۇڭا دېڭىز ئاپتاپپەرەسى ياكى قۇلۇلە قېپىغا كىرىۋېلىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. تېنى يوغىنىغاندا چوڭراق قاپقا ئالماشتۇرىدۇ.



قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا چوقۇم بىر كۈن ئىچىدىلا دېڭىز قۇلۇلىسىدىن بىرنى تېپىپ قېپىغا كىرىۋېلىشى كېرەك. دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ گۆشىنى يەۋېتىپ ئۆزى قاپ ئىچىگە جايلىشىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

قۇيرۇقى تەتۈر ئىلمەك ھالەتتە ئېگىلگەن بولۇپ، قۇلۇلە قېپىنى چىڭ ئېلىپ تۇرالايدۇ. شۇڭا قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا «ئۆي»نى يۈدۈۋالغىنىچە ھەممە يەردە پىتراپ يۈرىدۇ.



چوڭ ئامبۇر پۇتى بىلەن ئېلىشىدۇ.

ئۇزۇن ساپاقلىق كۆزى لاي-قۇملاردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئەتراپتىكى شەپىنى كۆزىتىدۇ.

قورساق قىسمى رۇدىمېنتلىشىپ ياپلاق بولۇپ قالغان بولۇپ، قورساق قاسىرىقى دېيىلىدۇ. ئەركىكىنىڭ قورساق قاسىرىقى ئۈچبۇرجەك، چىشىسىنىڭ يۇمىلاق بولىدۇ.

ئۇكا قىسقۇچپاقىسى

### ئۇكا قىسقۇچپاقىسى

ئۇكا قىسقۇچپاقىسى تروپىك بەلۋاغ دېڭىز ساھىللىرىدا ياشايدۇ. نەم ھەم يۇمشاق تاشقىن ئارىلىقىدىكى رايوندا توپلىشىپ كامار كولاپ ئولتۇراقلىشىدۇ. دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە ئۇزۇلىرى ئېلىۋالغان بىر پارچە لاي بىلەن كامار ئېغىزىنى ئېتىپ قويىدۇ-دە كامارىدىكى ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ. دولقۇن پەسەيگەندە يەنە كامارلىرىدىن چىقىپ ھەرىكەتلىنىدۇ.

جاۋاب: A ئەركەك B چىشى

www.uyghurkitap.com



ئۆمۈچۈكسىمان قىسقۇچپاقا ئەڭ چوڭ قىسقۇچپاقا بولۇپ، كۆكرەك پۇتى كېرىلگەندە كەڭلىكى 2.6 مېترغا يېتىدۇ.

## فوسفورلۇق راك

فوسفورلۇق راك چوڭ ئەمەس. ئۇ سۇ ئىچىگە تۇخۇملايدۇ. تۇخۇم يېرىلىش ۋاقتىدا ئۈزلۈكسىز چۆكىدۇ. تۇخۇمدىن چىققان فوسفورلۇق راكلار ئۆسۈش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئۆرلەيدۇ. فوسفورلۇق راكلار دېڭىز سۈيىنىڭ يۈز قەۋىتىدە ئۈزۈۋلىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە تۇخۇم تۇغىدۇ. ئۇ مۇھىم دېڭىز-ئوكيان جانلىقى. جەنۇبىي قۇتۇپتا ئەڭ كۆپ بولۇپ، زاپاس مىقدارى 400 مىليوندىن 600 مىليون توننىغىچە كېلىدۇ.




## پراۋن

پراۋن (جۇپ راك) جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، ئاساسلىقى سېرىق دېڭىز ۋە بوخەي دېڭىزىغا تارقالغان. كىچىك تىپتىكى قاسراقلىق ھايۋانلارنىڭ لىچىنكىلىرىنى ياكى سىلتىسىلىق يۇسۇنلارنى يەيدۇ. قەدىمكى زاماندا شىمالىي جۇڭگودىكى بېلىقچىلار ئۇلارنى دائىم «جۈپى» بويىچە ساتقاچقا جۇپ راك دەپمۇ ئاتالغان.




## چوڭ راك

ھەقىقىي چوڭ راك دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ. كىشىلەر ئادەتتە تىلغا ئالىدىغان چوڭ راك ئوراتورىيە راكى بولۇپ، دەريا راكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار سۇلۇق ئېتىزلار، كۆلچەك قاتارلىق جايلاردا ياشايدۇ. ھەممە نېمىنى دىگۈدەك يەيدۇ. قۇمغا كامار كولاپ يوشۇرۇنۇۋالىدۇ.










قايسىسىنىڭ ئەركەك قىسقۇچپاقا. قايسىسىنىڭ چىشى قىسقۇچپاقا ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## ئەرمەك بېلىقلار

دەريا ـ ئۆستەڭ، كۆل، دېڭىزلاردا ياشايدىغان نۇرغۇن بېلىقلار ئىنتايىن چىرايلىق بولغاچقا ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇرۇندىن تارتىپلا بېقىلىپ ئەرمەك بېلىقلارغا ئايلانغان. ئەرمەك بېلىقلار ئومۇمەن تروپىك بەلۋاغ بېلىقلىرى ۋە ئالتۇن بېلىقلار دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

ماكروپودۇس بېلىقى (ئۇرۇشقاق بېلىق)نىڭ ساقاق كامېرىسىنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپىدە بىردىن ساقاق ئۈستى ئاپپاراتى بولۇپ، قوشۇمچە نەپەس ئېلىش ئەزاسىدۇر. شۇڭا پەقەت يېتەرلىك نەملىك ساقلانسىلا ھاۋادىن ئوكسىگېن سۈمۈرۈپ ئۇزۇن مۇددەت سۇدىن ئايرىلسىمۇ ئۆلمەيدۇ.



ئەركەك ماكروپودۇس بېلىقلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھشىي بولۇپ، دائىم كەسكىن ئۇرۇشۇپ تۇرىدۇ.

سېرىق قۇيرۇق پوماسېنتروس بېلىقى



### تروپىك بەلۋاغ بېلىقلىرى

تروپىك بەلۋاغ بېلىقلىرى تروپىك بەلۋاغ ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغ رايونلىرىدا ياشايدۇ، بەدىنىدە ھەر خىل چىرايلىق چىپار يوللىرى بولىدۇ. سوغۇقتىن قورقىدۇ، قورقۇنچاق ئەمما ماسلىشىشچانلىقى ۋە كۆپىيىش ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشىل بېلىق، كېپىنەك بېلىق ۋە ماكروپودۇس بېلىقى قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدىغان ئەرمەك بېلىقلاردۇر.



ئاچسىمان داغلىق بالىستېس بېلىقى

تاجلىق بالىستېس بېلىقى

ئىنچىكە سىزىقلىق كېپىنەك بېلىقنىڭ ئېغىزى بەك كىچىك، ئۇزىراپ قىسقىرالايدۇ، مارجان، كىچىك راك، قىسقۇچپاقىلارنى يەيدۇ.

رەڭدار يېشىل بېلىق كىچىك بېلىق، راك ۋە ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىلىرىنى يەيدۇ، ھەم ئىنتايىن قارشى ئۈزۈپ دەريالارغا بېرىپ تۇخۇم تۇغىدۇ.



ئۇششاق كېپىنەك بېلىق

بول ـ يول سىزىقلىق يار بالاقلىق كېپىنەك بېلىق




ريۇكيۇ ئالتۇن بېلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بېلىق بېقىش

ئىدىش، داس، ئەينەك قاچا ياكى سۇ جانلىقلىرىنى بېقىش ساندۇقىدا بېلىق باققاندا ئۇزۇشى جانلىق- تېتىك، بېقىش تاپىدىغان بېلىجانلارنى تاللاش، خىللىرى ۋە مىقدارىنى بەك كۆپ قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. بېلىقلارغا يورۇقلۇق ۋە ئوكسىگېن يېتەرلىك بولۇشى لازىم. ۋاقتى - ۋاقتىدا يەم بېرىش، سۈيىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.




## ئالتۇن بېلىق

ئالتۇن بېلىق بىلەن بىز يەيدىغان كاراس (تاپان) بېلىقنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىكى پەرق ناھايىتى زور، ئەمما ئالتۇن بېلىق ئەڭ دەسلەپتە ھەقىقەتەنمۇ تاپان بېلىقتىن يېتىشتۇرۇلگەن. مەملىكىتىمىزدە سۇڭ دەۋرىدىن باشلاپلا تاپان بېلىقنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئالتۇن بېلىق يېتىشتۈرۈپ چىقىش تېخنىكىسى ئىگىلەنگەن.

## ئاجايىپ سۇ ئوتلىرى

سۇدا ئۆسكەن ياكى ئەينەك ئىدىشتا سېلىنغان سۇ ئوتلىرى سۇدىكى كاربون (IV) ئوكسىدنى سۈمۈرۈپ ئوكسىگېن قويۇپ بېرىدۇ. بۇ بېلىقلارنىڭ ياشىشىغا پايدىلىق؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە بېلىقلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تۇخۇم سېلىش ئورنىدۇر.




تېپىپ بېقىڭ، ئالتۇن بېلىقنىڭ تۇغقان بالىسى قانداق ھالەتتە بولىدۇ؟

A بېلىجان
B قورچاق
C تۇخۇم

# پاقىلار

دۇنيادا جەمئىي 670 خىلدىن ئارتۇق پاقا بولۇپ، كۆپچىلىكىنىڭ رەڭگى يېشىل بولغاچقا يېشىل پاقىلار دەپ ئاتالغان. ئافرىقىدىكى گىگانت پاقا 37 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقىچە يوغىنالايدۇ، ئەكسىچە ئەڭ كىچىكى بولغان زەھەرلىك پاقىنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاران بىر سانتىمېتىرچە كېلىدۇ.

بىر يېشىل پاقا كۈنىگە 60 نەچچە ھاشاراتنى يەۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ زىرائەتلەرنىڭ سادىق مۇھاپىزەتچىسى ھېسابلىنىدۇ.





## يېمەكلىك تۇتۇش

يېشىل پاقا مىدىرلاۋاتقان جىسىملارغا ناھايىتى سەزگۈر، تىنچ تۇرغان جىسمنى بولسا كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ پەقەت تىرىك كىچىك جانلىقلارنىلا تۇتۇپ يەيدۇ. تىلىنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، بىر ھاشاراتنى تۇتۇپ يېيىشكە ئىككى سېكۇنتمۇ كەتمەيدۇ.

## يېشىل پاقىنىڭ ھالەت ئۆزگەرتىشى

يېشىل پاقا ئادەتتە سۇغا تۇخۇم سالىدۇ. تۇخۇمدىن قۇمچاق چىقىدۇ. قۇمچاقنىڭ قىياپىتى ئاتا-ئانىسىغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، تېنى قاپقارا، خۇددى بېلىقلارغا ئوخشاش ساقاقى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. قۇمچاقنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كەينى پۇتى ئۈنىدۇ، ئاندىن ئالدى پۇتى ئۈنىدۇ ھەم ئۆپكىسى بىلەن نەپەسلىنىشكە باشلايدۇ. كېيىن تەدرىجىي ھالدا قۇيرۇقى يوقاپ قورۇقلۇقتا چىقىپ كىچىك يېشىل پاقىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئۆسۈش جەريانىغا تەخمىنەن نەچچە ئايدىن بىر يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ.





يېشىل پاقىلارنىڭ ھەممىسىلا تۇخۇم—قۇمچاق—يېشىل پاقىدىن ئىبارەت يېتىلىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەيدۇ. يېشىل پاقىنىڭ يەنە باشقا ئۈچ خىل كۆپىيىش شەكلى بار.



زەھەرلىك پاقىنىڭ تېرىسىدىكى ئالا-چىپار يوللىرى ناھايىتى كۆركەم

## زەھەرلىك پاقا

زەھەرلىك پاقا جەنۇبىي ئامېرىكىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ كۆركەم تېرىسى زەھەر ئاجرىتىپ چىقىرىپ دۈشمەنلىرىنى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. يەرلىك ئىندىئانلار بۇ خىل زەھەرنى يا ئوقىنىڭ ئۇچىغا سۈركەپ ئوۋ ئوۋلايدۇ. بىر زەھەرلىك پاقىنىڭ زەھىرى 30 ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلەيدۇ.

**تۇخۇمدىن پاقىغا ئايلىنىشىنىڭ باشقا ئۈچ خىل شەكلىنى بىلەمسىز؟**





A.يېشىل پاقىنىڭ تېنىدىن چىقىش


B.ئاشقازىنىدا تۇخۇمدىن چىقىپ، ئېغىزى ئارقىلىق سىرتقا چىقىش

C.ھاۋا خالتىسىدىن چىقىش

D.تۇخۇمدىن بىۋاسىتە پاقا بولۇپ چىقىش



جاۋاب: DBA







## پاقىنىڭ كوركىرىشى

يامغۇردىن كېيىن ياكى كۆپىيىش مەزگىلىدە ئەركەك پاقىلار ئاغزىنىڭ ئىككى يېنىدىكى هاۋا خالتىلىرىنى كۆپتۈرۈپ يۇقىرى ئاۋازدا كوركىراپ، چىشى پاقىلارنى جەلپ قىلىدۇ. بەزى پاقىلارنىڭ پەقەت بىر تالла هاۋا خالتىسى بولىدۇ. كوركىرىغاندا هاۋا خالتىلىرى خۇددى كۆپتۈرۈلگەن سېغىزدەك دوملاق هالەتكە كېلىدۇ.




## چارپاقا

چارپاقا يېشىل پاقىنىڭ يېقىن تۇغقىنى، تېرىسىدە نورغۇنلىغان قاپارتمىلار بولۇپ، ناھايىتى كۆرۈمسىز. كۆزىنىڭ كەينىدىكى قۇلاق بېزى زەھەرلىك سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرالايدۇ. خەتەرگە يولۇققاندا قۇلاق بېزىدىن ئاق رەڭلىك زەھەرلىك سۇيۇقلۇق پۈركۈپ چىقىرىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ.




## دەرەختىكى پاقىلار

بەزى پاقىلار دەرەختە ياشاپ ھەرخىل ھاشارات ۋە ئۆمۈچۈكلەرنى يەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۇت بارماقلىرىدا شورىغۇچى تەخسىلەر بولۇپ، شاخ ۋە يوپۇرماقلارغا يېپىشالايدۇ. ئاسانلىقچە سىيرىلىپ كەتمەيدۇ.



# تاشپاقىلار

تاشپاقىلار قەدىمىي يەر بېغىرلىغۇچى هايۋانلار بولۇپ، بەدىنىدە قېپى بولىدۇ، بۇ ئۇلارنى كۆشەندىلىرىدىن ۋە قوپال يەر يۈزىنىڭ زەخىملەندۈرۈشىدىن ساقلايدۇ.

باش ۋە تۆت پۇتىنى قاپقا يوشۇرۇۋېلىپ خەتەردىن ساقلىنىدۇ.



تاشپاقىنىڭ قېپى 13 پارچە ياپىلاق سۆڭەكنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولغان بولۇپ، ئىنتايىن مۇستەهكەم.





## بېشىنى تىقىۋالىدىغان پاتقاق تاشپاقىسى

ئۇنىڭ بويىنى ناهايىتى ئۇزۇن، تۆت پۇتى قىسقىراق، قۇيرۇقى ئىنچىكە، خەتەرگە يولۇققاندا باش ۋە تۆت پۇتىنى قېپىغا تىقىۋالىدۇ. دەريا-ئۆستەڭ، كۆل ۋە كۆلچەكلەردە ياشاپ لۇم-لۇم قۇرۇت، قۇلۇلە، كىچىك بېلىق، كىچىك راك ۋە ئاز مىقداردا ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ.

تاشپاقىنىڭ چىشى يوق، يېمەكلىكنى ئۈستۈنكى تاڭلىيىغا تايىنىپ چاينايدۇ.





سېرىق بوغۇز سۇ تاشپاقىسى



برازىلىيە تاشپاقىسى

كىشىلەر تونۇغان تاشپاقا تۈرلىرىنى ئەرمەك هايۋان ئورنىدا باقىدۇ، مەسىلەن، سېرىق بوغۇز سۇ تاشپاقىسى، سېرىق تاشپاقا ۋە برازىلىيە تاشپاقىسى قاتارلىقلار.

قېپى ئېگىز تومپىيىپ تۇرىدۇ



پىلسىمان تاشپاقا تونۇغان ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ، ئۇچلۇق تىكەن بىلەن قاپلانغان كاكتۇسلارنىمۇ بوش قويمايدۇ.



## قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى

قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى قۇرۇقلۇقتا ياشايدۇ. پۇتى ناهايىتى مەزمۇت، ئۇزۇش پەردىسى يوق، لېكىن قاتتىق تىرناقلىرى بار. جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى گالپاگوس تاقىم ئاراللىرىدا قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ تاشپاقا پىلسىمان تاشپاقا ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 120 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ.


قۇرۇقلۇق تاشپاقىلىرى مۇھىت ناچار، يېمەكلىك كەمچىل بولسىمۇ يەنىلا جان ساقلاپ قالالايدۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن سانى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى.

## دېڭىز تاشپاقىسى

دېڭىز تاشپاقىسى مۆتىدىل تروپىك بەلۋاغدىكى دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدۇ، ئۇششاق بېلىق، كىچىك راك ۋە دېڭىز يوسۇنلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئەڭ تېز ئۈزىدىغان يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. چىشى دېڭىز تاشپاقىسى قىرغاقتا تۇخۇم سالىدۇ. ئۇلار تۇخۇمىنى قۇمغا كۆمۈپ قويىدۇ. قۇياش نۇرىنىڭ ھارارىتى تەسىرىدە 50~70 كۈندىن كېيىن بالا دېڭىز تاشپاقىلىرى كەينى كەينىدىن تۇخۇمدىن چىقىدۇ.



چىشى دېڭىز تاشپاقىسى قىرغاقتا ئۆمۈلەپ چىققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن كەينى پۇتى ئارقىلىق بىر ئورەك قازىدۇ، ئاندىن ئورەككە بىر قېتىمدىلا تىكتاك توپ چوڭلۇقىدىكى تۇخۇمدىن 100~160 نى تۇغىدۇ.



تۆت پۇتى خۇددى قولۋاق پالىقىغا ئوخشاش ياپىلاق بولىدۇ.

دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ بېشى بىلەن تۆت پۇتى قېپى ئىچىگە تولۇق كىرىپ كېتەلمەيدۇ.

دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ بالىسى تۇخۇمنى يېرىپ چىققاندىن كېيىن نەگە بارىدۇ؟

A. دېڭىزغا قايتىدۇ

B. ئانىسىنى تېپىپ ئېمىدۇ

C. تاغقا قاراپ ئۆمىلەيدۇ






ترىئونىكس تاشپاقىسى سوغۇق قانلىق ھايۋانلاردىن بولۇپ، كۈندۈزى قىرغاقتا چىقىپ قىمىرلىماي يېتىپ، قۇياش ۋە يەرگە تايىنىپ بەدىنىنى ئىللىتىدۇ. كېچىدە چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. سەدەپ - قۇلۇلەر يېشىل پاقا، ھاشارات، بېلىق، راك ۋە سۇ ئوتلىرىنى يەيدۇ.

دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدىغان چىغىناقسىز تاشپاقا ئەڭ چوڭ دېڭىز تاشپاقىسى بولۇپ، ئېغىرلىقى 800 كىلوگرامغا يېتىدۇ.





كارتېتا دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدىغان تاشپاقىلاردىن بولۇپ، قېپىدا چىرايلىق ئالا - چىپار سىزىقلار بولىدۇ.

## ترىئونىكس تاشپاقىسى

ترىئونىكس تاشپاقىسى ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق تاشپاقا، يىراق شەرق تاشپاقىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاتلىق سۇلاردا ياشايدۇ. ئۈزۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز، بويىنى ناھايىتى ئۇزۇن، بېشى ۋە بويىنى قېپىغا تولۇق كىرىپ كېتەلەيدۇ. ئۇلار ناھايىتى ۋەھشىي، باشقا ھايۋانلار يېقىنلاشسا ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ.





يىلاننىڭ
تىلى



## يىلان ۋە كەسلەنچۈكلەر


يەرشارىدا **2700** خىلدىن ئارتۇق يىلان، **3700** خىلدىن ئارتۇق كەسلەنچۈك بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلاردۇر. بەدىنى قاسراقلار بىلەن قاپلانغان، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئومۇمەن ناچار، تاغلىق، ئورمانلىق، سۇ، چۆل - جەزىرە قاتارلىق خىلمۇخىل مۇھىتلاردا ياشايدۇ. قىش پەسلىدە زور كۆپچىلىكى ئۈچەككە كىرىدۇ.



بوغما يىلان ئولجىسىنى مەھكەم بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، پۈتۈن يۇتۇۋېتىدۇ.

### پۇتسىز مېڭىش

يىلاننىڭ پۇت - قوللىرى يوق، بەدىنى ئىنچىكە ئۇزۇن، قورساق مۇسكۇلى ۋە قاسراقلىرىغا تايىنىپ تولغۇنۇپ ئىلگىرىلەيدۇ. تار يوچۇقلارغا كىرەلەيدۇ، يەنە تېخى ئۇزۇنلىقى بېشىدىن خېلى چوڭ ئولجىلارنى يۇتۇۋېتەلەيدۇ.



بوغما يىلاننىڭ بەدىنى
توم، كۈچلۈك

### بوغما يىلان

ئەڭ چوڭ يىلان بوغما يىلان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ. قىسقىلىرى بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. بوئا بوغما يىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىرغا يېتىدۇ. بوغما يىلانلارنىڭ ھەممىسى زەھەرسىز، ئۇلار ئادەتتە چاشقان، توشقانلارنى يەيدۇ. بەزىدە بۇغا، موزايلارنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ.

ئۇزۇقلۇق ئىزدىگەندە تىلىنى ئۆزلۈكسىز ئۇزارتىپ - قىسقارتىپ ھاۋادىكى يېمەكلىكنىڭ ھىدىنى تەكشۈرىدۇ.



كۆزەينەكلىك يىلان بىر خىل زەھەرلىك يىلان، يەنە كېلىپ زەھىرى ئىنتايىن كۈچلۈك، بەزىدە ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

### زەھەرلىك يىلان ۋە زەھەرسىز يىلان

زەھەرلىك يىلاننىڭ تېنى زەھەرلىك سۈيۈقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا ئۇزۇن زەھەرلىك چىشى بولىدۇ. بويىنى ئىنچىكرەك، بېشى ئۈچ بۇرجەك، قۇيرۇقى قىسقىراق بولىدۇ. قارا يىلان، يېشىل يىلان، شىنجاڭدىكى ئوتلاق زەھەرلىك يىلىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زەھەرلىك يىلانلاردۇر. زەھەرسىز يىلانلارنىڭ بېشى يۇملاقراق، بېشى بىلەن بويىنىڭ توملۇقى ئاساسەن ئوخشاش، قۇيرۇقى ئىنچىكە - ئۇزۇن بولىدۇ.



زەھەر سۈيۈقلۇقنى دۈشمىنىڭ كۆزىگە پۈركۈيدۇ.

زەھەرلىك يىلانلارنىڭ ئىككى دانە ئۈنكۈر زەھەرلىك چىشى بولىدۇ. ھايۋان ياكى ئادەملەرنى چاققاندا زەھەر سۈيۈقلۇقى زەھەرلىك چىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەھەرلىك سۈيۈقلۇق ئۇقۇرى ئارقىلىق جاراھەت ئىچىگە كىرىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا قۇتقۇزۇلمىسا زەھەرلەنگۈچى ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

جاۋاب: DB

## خامېلېئون

خامېلېئون بەدىنىنىڭ رەڭگىنى دائىم ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ رەڭگىگە ئۆزگەرتىپ ئۆزىنى يوشۇرىدۇ. ئولجىنى بايقىغاندا ھەم ئۆزۈن ھەم يېپىشقاق تىلىنى تۇيۇقسىز ئۇزارتىپ ئولجىنى چاپلاشتۇرۇپ، چاقماق تېزلىكىدە يەۋېتىدۇ.

خامېلېئوننىڭ ئىككى كۆزى بىرلا ۋاقىتتا ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەرنى كۆزىتەلەيدۇ.



ساخلانى مەھكەم تۇتالايدۇ

ئىگۋانا كەسلەنچۈكىنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى چاققان، ئىنتايىن تېز يۈگۈرەيدۇ. قۇيرۇقى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، دۈشمىنىگە زەربە بېرىش قورالى ھېسابلىنىدۇ.



## كەسلەنچۈك

زور كۆپچىلىك كەسلەنچۈكلەرنىڭ تۆت پۇتى ۋە ئۇزۇن قۇيرۇقى بولىدۇ. قىياپىتى قەدىمكى دىنوزاۋرلارغا ئوخشايدۇ. ھاشارات، ئۆمۈچۈكلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. بەزى كەسلەنچۈكلەر ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ يەيدۇ.



## ئۆچكىئېمەر

ئۆچكىئېمەرنىڭ بېشى ۋە قۇيرۇقى ئۇزۇن، تۆت پۇتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆچلۈق چىشلىرى بولۇپ، بۆغا، باۋا توڭگۇز قاتارلىقلارنى يەيدۇ. ئەڭ چوڭ ئۆچكىئېمەر ھىندونېزىيىدىكى كومودو ئۆچكىئېمەرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىردىن ئاشىدۇ.




ئۆچكىئېمەرنىڭ تىرناقلىرى ئۆتكۈر بولۇپ يارلارغا ۋە دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقالايدۇ.

زەھەرلىك يىلان چېقىۋالسا چېقىۋالغان ئورۇننىڭ يۇقىرىسىدىن يۈرەككە يېقىن تەرىپىنى دەرھال يىپ بىلەن چىڭ بوغۇۋېتىش كېرەك. ئاندىن پىچاق بىلەن يارا ئېغىزىنى كېسىپ زەھەر سۈيۈقلۇقىنى چىقىرىۋېتىش ھەم يارا ئېغىزىنى سۇ بىلەن كۆپرەك يۇيۇش كېرەك. ئاندىن كېيىن چاپسان دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىش لازىم.



يارا ئېغىزىدا روشەن ئىككى چىش ئىزى بولىدۇ.

زەھەرلىك يىلاننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قايسىسىنىڭ زەھەرلىك يىلان ئىكەنلىكىنى تونۇپ بېرەلەمسىز؟



A.قىزىل داغلىق يىلان

B.شالدىراق قۇيرۇق يىلان

C.بوغما يىلان

D.كۆزەينەكلىك يىلان

# تىمساھ

تىمساھ 180 مىليون يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان قەدىمىي يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋان بولۇپ، «تىرىك تاشقاتما» دەپ نام ئالغان. ئۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ چوڭ يەر بېغىرلىغۇچى گۆشخور ھايۋان ھېسابلىنىدۇ.




سازلىق تىمساھى



قىسقا تۇمشۇق تىمساھ

ئەڭ چوڭ تىمساھ ئاۋستراليىدىكى پورروسۇس تىمساھى بولۇپ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى 7 مېتىر كېلىدۇ. ئەڭ كىچىك تىمساھ ئاسىيادىكى قىسقا تۇمشۇق تىمساھ بولۇپ، يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئارانلا 1.5 مېتىر كېلىدۇ.



دىقماق تۇمشۇق تىمساھ




ئۇزۇن تۇمشۇق تىمساھ

بۇرنى ۋە كۆزلىرى بېشىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ سىرتقا تومپىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ.



تىمساھ بېشىنى سۇ يۈزىدىن بىرئاز چىقارسىلا نەپەسلىنەلەيدۇ ھەم ئەتراپتىكى شەپىلەرنى كۆزىتىپ پۇرسەت تېپىپ ئولجىغا ھۇجۇم قىلىدۇ.



چىشلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر، لېكىن يېمەكلىكنى چاينىيالمايدۇ. پەقەت چىشلەپ پارچىلاشقىلا ئىشلىتىدۇ.

## ئېغىزى ئارقىلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدۇ

تىمساھنىڭ ئېغىزى تەبىئىي «ھاۋا تەڭشىگۈچ»كە ئوخشايدۇ. ھاۋا سوغۇقراق چاغلاردا تىمساھ قىرغاقتا چىقىپ ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ. ھەمدە ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ قان تومۇرلىرىغا تايىنىپ قۇياش نۇرىدىكى ئىسسىقلىقنى سۈمۈرىدۇ. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەندە سۇغا چۆشۈپ بېشىنى چىقىرىپ ئېغىزى ۋە تىلىدىكى سۇنىڭ پارلىنىشىغا تايىنىپ بەدىنىدىكى ئىسسىقلىقنى تارقىتىدۇ.



تىمساھ دائىم قىرغاقتا ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ ياتىدۇ، خېلى ئۇزۇنغىچە قىمىرلىمايدۇ.

تىمساھ بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆزگىرىشچان ھايۋان، بەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەتراپتىكى مۇھىت تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

## سۇدىكى زومىگەر

تىمساھلار تروپىك بەلۋاغ ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغ سۇ رايونلىرىدا ياشايدۇ. پەقەت تۇخۇم سېلىش ۋە ئاپتاپ سۈنۈش ۋاقتىدىلا قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتا يەر بېغىرلاپ ماڭغاندىكى ھەرىكىتى كالالىپاي ھەم ئاستا بولسىمۇ، لېكىن سۇدا تۇم ھەم كۈچلۈك قۇيرۇقىغا تايىنىپ ناھايىتى تېز ئۈزىدۇ. تىمساھ بىر نەپەسلىنىۋالسا سۇ ئاستىدا بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرالايدۇ.

جاۋاب: C

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تىمساھ ئىچىۋالغان تۇزلۇق سۇ ئەرىتمىدىكى تۇزنى كۆزى ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا بەزىدە تىمساھنىڭ تۇتۇۋالغان ئولجىسىنى يەۋېتىپ كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.



تىمساھ تۇخۇمى ۋە تىمساھ باللىرى دائىم باشقا هايۋانلارنىڭ مەززىلىك غىزاسى بولۇپ كېتىدۇ.

بورسۇق ئانا تىمساھنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ تىمساھ تۇخۇملىرىنى ئوغرىلىقچە كولاپ ئېلىپ، خىلۋەت جايغا مۆكۈنۈپ مەززە قىلىپ يېۋالىدۇ.



تېز ئۈزگەندە قۇيرۇقىنى تەۋرىتىپ ئالغا سىلجىيدۇ.

## ئوۋلاش ماھىرى

تىمساھ ئولجىنى چىشلىۋالغاندىن كېيىن سۇغا سۆرەپ ئەكىرىپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن بىر پارچە گۆشنى چىشنىڭ بارىچە مەھكەم چىشلىۋېلىپ بەدىنىنى توختىماي تولغاپ يۇلۇپ ئۈزۈۋالىدۇ-دە يۇتۇۋېتىدۇ. تىمساھ يىلىغا پەقەت 50 نەچچە نۆۋەتلا تاماقلىنىدۇ. بىر كالا ياكى گىنۇنى يەۋەتكەندىن كېيىن نەچچە ھەپتىگىچە ھېچنېمە يېمەيدۇ.






تىمساھ راسا تويۇۋالغاندىن كېيىن دائىم ھەزىم قىلىشقا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن بىر خىل نەرسىنى يۇتىۋالىدۇ، ئۇ نېمىنى يۇتىۋالىدۇ؟

## ئانا تىمساھ

ئورغۇنلىغان پەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. لېكىن تىمساھ باللىرىغا ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ. ھەر قېتىمقى كۆيىش مەزگىلىدە، ئانا تىمساھ تۇخۇملىرىنى كولىغان ئورىكىگە تۇغۇپ، توپا بىلەن كۆمۈپ قويىدۇ ھەم ئورەك يېنىدا ساقلاپ خەۋەر ئالىدۇ. ئاسانلىقچە كېتىپ قالمايدۇ. ھەتتا خېلى ئۇزۇنغىچە ھېچنېمە يېمەيدۇ. ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىنلا بالا تىمساھلار تۇخۇمدىن چىقىشقا باشلايدۇ.

قاتتىق قاسىرقىنىڭ سىرتىنى قېلىن تېرە ئوراپ تۇرىدۇ.



تىمساھ بالىسى تۇخۇم شاكىلىنى يېرىپ چىقىدۇ

تىمساھنىڭ جىنسى ئايرىمىسى تۇخۇم باسۇرۇلىۋاتقان مەزگىلدىكى تېمپېراتۇرا تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا ئەركەك، تۆۋەن بولسا چىشى تىمساھلار چىقىدۇ.



ئانا تىمساھ باللىرىنى يېنىككىنە چىشلەپ تېيىز سۇدىكى «بالا يېتىشتۈرۈش ئۆيى»گە يۆتكەپ كېلىدۇ.

ئانا تىمساھ بىر قېتىمدىلا 20~80 تال تۇخۇم تۇغىدۇ

### ۋەھشي كەركىدان

كەركىدانىنىڭ كۆرۈش سېزىمى ناھايىتى ئاجىز، نەچچە مېتىر نېرىدىكى دەرەخ ۋە ھايۋانىمۇ پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. لېكىن ناھايىتى ئۆتكۈر ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىمىغا تايىنىپ، باشقا ھايۋانلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلالايدۇ. ئافرىقىدا قارا كەركىدان ۋە ئاق كەركىدانلار بولۇپ، ئوتلاقلاردا ياشايدۇ. قالغان كەركىدانلار ئاسىيادىكى قويۇق ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ.

### كەركىدان مۈڭگۈزى



كەركىدانىنىڭ مۈڭگۈزى قاڭشىرىدا بولۇپ، ئادەمنىڭ تىرنىقى ۋە چىشلىرىغا ئوخشاش كېراتىندىن تەركىب تاپقان. ئەگەر سۇنۇپ كەتسە ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە قايتىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ.



ئانا كەركىدان بالىسىنى دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرىدۇ

قارا كەركىدانىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى بولىدۇ

## بېگېموت ۋە كەركىدان

**بېگېموت ۋە كەركىدانلارنىڭ ھەممىسى چوڭ تىپتىكى ئوتخور ھايۋانلار بولۇپ، تېرىسى ناھايىتى قېلىن بولغاچقا قېلىن تېرىلىك ھايۋانلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار قارىماققا ناھايىتى كالانپاي كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن ئاچچىقى كەلگەندە ناھايىتى ۋەھشىيلىشىپ كېتىدۇ. شىر ۋە يولۋاسلارمۇ ئۇلارغا چېقىلالمايدۇ.**



بۇرنىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئۆسكەن بىر تال مۈڭگۈزى بار.

ھىندى كەركىدانى بىر مۈڭگۈزلۈك كەركىدان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.



ياۋا كەركىدانىنىڭ ئەركىكىدە بىر مۈڭگۈز بولىدۇ، چىشىسىدا بولمايدۇ.

تېرىسى ساۋۇتقا ئوخشاش نەچچە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان.





ئاق كەركىدانىنىڭ بەدىنى ئەڭ چوڭ بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىرغا يېتىدۇ.



سوماترا كەركىدانىنىڭ بويى ئەڭ كىچىك بولۇپ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى 2.8 مېتىر كېلىدۇ.




### پاتقاق مۇنچىسى

ئىسسىق ياز كۈنلىرى كەركىدانلار تېيىز سۇدا ئېغناپ پۈتۈن تېنىنى لايغا مىلەپ سالقىندايدۇ. شۇنداقلا پۈتۈن بەدىنى لاي قاپلىغاچقا پاشىلارنىڭ چېقىشىدىنمۇ ساقلىنىدۇ.

جاۋاب: C

تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى 25 مىللىمېتىر



بېگېموتنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى 4.6 مېتىرغا، ئېغىرلىقى 4500 كىلوگىرامغا يېتىدۇ.



بېگېموت قۇرۇقلۇقتا ئىسسىپ كەتكەندە تەرلەيدۇ. تەرلەش تېرىسىنىڭ قۇرۇپ يېرىلىشىدىن ساقلايدۇ. تەر سۇيۇقلۇقىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟



A. يېشىل

B. كۆك

C. قىزىل

## كىلەڭسىز بېگېموت

بېگموت تاتلىق سۇلاردىكى ئەڭ چوڭ سۈت ئەمگۈچى هايۋان، شۇنداقلا قۇرۇقلۇقتىكى ئىككىنچى چوڭ هايۋان. ئۇنىڭ بەدىنى بەك ئېغىر بولغاچقا قۇرۇقلۇقتا ماڭغاندا پۇتلىرى ناهايىتى هارىدۇ. شۇڭا دائىم سۇدا هەرىكەتلىنىدۇ. ئۇلار ئادەتتە سۇدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى يېمەيدۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە قىرغاققا چىقىپ ئوتلايدۇ.

## دەريجىدىن تاشقىرى چوڭ ئېغىز

بېگېموتنىڭ دەريجىدىن تاشقىرى چوڭ ئېغىزى پۈتۈن بېشىنىڭ 3\2 قىسمىدىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. كۈرەك چىشلىرى ۋە قوزۇق چىشلىرىنىڭ هەممىسى ناهايىتى ئۇزۇن بولۇپ، 10 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ. هىڭگاك چىشىمان ئۆسكەن.

## سۇدىكى بېگېموت

بېگېموتنىڭ كۆزى ۋە بۇرنى بۇرتۇپ چىققان بولغاچقا پۈتۈن بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ يۈرمىسىمۇ نەپەسلىنەلەيدۇ ۋە ئەتراپنى كۆرەلەيدۇ. سۇغا چۆككەندە قۇلىقىغا سۇ كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇلاق تۈشۈكىنى ئېتىۋالىدۇ. بەدىنىدىكى يۈڭلىرى ناهايىتى ئاز. بۇ سۇدا هەرىكەتلەنگەندىكى قارشىلىقنى ئازايتىدۇ.

قىسمەن قىلماي ئەتراپتىكى شەيئىنى كۆزىتىۋاتىدۇ



بالا بېگموت تۇغۇلۇشى بىلەنلا سۇ ئۈزەلەيدۇ.

ئىككى بېگېموت زېمىن ئىگىلەش ئۈچۈن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئاكى بىر تەرەپ چېكىنگەنگە قەدەر چىشلىشىدۇ.



جاۋغىيىدىن ئۆزىراپ چىققان ئۆزۈن چىشى 70 نەچچە سانتىمېتىر كېلىدۇ.

كەينى پالاقچىسىغا تايىنىپ ماڭالايدۇ.

مورژنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، ئېغىرلىقى 1500 كىلوگرام كېلىدۇ.

### مورژ ( دېڭىز پىلى )

مورژنىڭ ئۈستۈنكى قوزۇق چىشى ئاغزىنىڭ سىرتىغا پىل چىشىغا ئوخشاش ئۆزىراپ چىققان، بېشى ناھايىتى يۇملاق، قۇلاق سۇپۇرىسى يوق، ئېغىزى قىسقا ئەمما يوغان، دېڭىز تېگىدىكى قۇمسىمان لاتقىلاردىكى ھەرخىل سەدەپ-قۇلۇلىلەرنى يېيىشكە ئامراق.



توپ-توپ مورژلار دېڭىز ساھىلىغا يىغىلىپ، ئېرىلەڭگۈلۈك بىلەن قىستىلىشىپ بىرلىكتە ئاپتاپ سۇنىدۇ.



## پالاقچە پۇتلۇق ھايۋانلار

تيۇلېن، ئوتارىيە (دېڭىز شىرى) ۋە مورژ (دېڭىز پىلى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پالاقچە پۇتلۇق ھايۋانلارغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتى بېلىق پالاقچىسىغا ئوخشايدۇ، قۇرۇقلۇقتا كېلەڭسىز يەر بېغىرلاپ ماڭىدۇ، سۇدا بولسا خۇددى بېلىقلاردەك ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەلەيدۇ.



قۇلىقى ناھايىتى كىچىك

دېڭىز ئىتىنىڭ موييى ئىنچىكە ھەم قويۇق بولۇپ، ئىنتايىن سىلىق ھەم پارقىراق.



دېڭىز ئىتىنىڭ يۈزى كىچىك، بۇرنى ئىتنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

### دېڭىز ئىتى ( دېڭىز ئېيىقى )

دېڭىز ئىتى تيۇلېنغا بەك ئوخشايدۇ. ئەركەك دېڭىز ئىتى 3 مېتىرغىچە يوغىنالايدۇ، ئېغىرلىقى 300 كىلوگرامغا يېتىدۇ، چىشىسىنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى ئەركىكىنىڭ يېرىمىچىلىكلا بولىدۇ. دېڭىز ئىتى ھەر يىلقى كۆپىيىش مەزگىلىدە قۇرۇقلۇقتا تۆت ئاي ياشايدۇ، قالغان ۋاقىتلاردا دېڭىزدا ياشايدۇ. ئانا دېڭىز ئىتى بالىسىنى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن دېڭىزغا يېمەكلىك ئىزدەپ كېتىدۇ، 7~10 كۈندە بىر نۆۋەت قايتىپ كېلىدۇ.

كەينى پالاقچىسىغا تايىنىپ ماڭالايدۇ.

### ئوتارىيە ( دېڭىز شىرى )

ئوتارىيەنىڭ يۇڭى بىرقەدەر يىرىك، ئىنچىكە تۈكلىرى ناھايىتى ئاز. بەزى ئەركەك ئوتارىيەلەرنىڭ پاتىگىدا خۇددى ئەركەك شىرنىڭكىگە ئوخشاش يالى بولىدۇ، شۇڭا دېڭىز شىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى تىنچ ئوكياندا ياشايدۇ، سىياھ بېلىق، سەككىز ئاياغ ۋە قۇلۇلە-سەدەپلەرنى يېيىشكە ئامراق.

## بىر ئەركۈپ خوتۇنلۇق بولۇش

«بىر ئەركۈپ خوتۇنلۇق بولۇش» بالاقچە پۇتلۇقلارنىڭ كۆپىيىشى ئادىتى بويىچە ئائىلە قۇرىدۇ. بىر ئەركىكى نەچچە ئون چىشىسىگە ئىگە بولىدۇ. ئۆزىنىڭ زېمىنى قوغداش ئۈچۈن ئەركىكى ھەمىشە رەقىبى بىلەن ئېلىشىپ پۈتۈن بەدىنى جاراھەتلىنىپ كېتىدۇ.

كۆپىيىش مەزگىلىدە ئەركەكلىرى ئىنتايىن ئۆكتە ئېلىشىپ كېتىدۇ. ... ئۇلار سوقۇشىدۇ.



چىشىلىرى ئۇلارنىڭ كۆرىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن تاماشا قىلىپ ئاخىرىدا غەلىبە قىلغۇچىغا ئەگىشىپ بىللە ياشايدۇ.


پېشىنىڭ چوڭقىيىشىغا ئەگىشىپ بۇرنى بارغانسېرى يوغىنايدۇ.

ئەركەك پىلسىمان تيۇلېننىڭ بۇرنى ئۇزۇن بولۇپ، ئەركىن ئۆزىراپ قىسقىرالايدۇ.



## پىلسىمان تيۇلېن

پىلسىمان تيۇلېن ئەڭ چوڭ تيۇلېن بولۇپ، ئەركىكىنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىردىن ئاشىدۇ، چىشىسىنىڭ پەقەت ئۇنىڭ يېرىمىچىلىكلا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىسى ئاستىدا ئىنتايىن قېلىن ماي قەۋىتى بولىدۇ، سوغۇقتىن قورقمايدۇ. شىمالىي قۇتۇپ ۋە جەنۇبىي قۇتۇپقا يېقىن مۇزلۇقلاردا ياشايدۇ.



بالا تيۇلېن مۇز ئۈستىدە يېتىپ ئانىسىنىڭ يېمەكلىك ئېلىپ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئاق رەڭلىك ئىنچىكە يۇڭلىرى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

تيۇلېن مۇز غاجاش جەريانىدا ئېغىزى زەخىملىنىپ، چىشى ئۇپراپ، رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.



تيۇلېنلار تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ قانغۇچە نەپەسلىنىۋالىدۇ.



تيۇلېنىنىڭ قۇلىقى رودىمېنتلىشىپ ئىككى تۆشۈككە ئايلانغان، سۇدا ئۈزلۈكىدىن ئېتىلىپ-يېپىلالايدۇ.


دېڭىز يۈزى مۇز تۇتقاندا تيۇلېنلار سۇ يۈزىگە چىقىپ نەپەسلىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ. ئۇلار مۇزنى تاكى تۆشۈك ئېچىلغىچە كۈچىنىڭ بارىچە غاجايدۇ.



تيۇلېننىڭ تۆت پۇتى ناھايىتى قىسقا، كەينى پۇتىنى پەقەت كەينىگىلا سوزالايدۇ، شۇڭا قورۇقلۇقتا ماڭالمايدۇ، بەدىنىنى ئىرغاڭلىتىش ئارقىلىق ئالدىغا ئۆمىلەيدۇ.



A .نەرسىلەرنى توشۇيدۇ. B .مۇزلۇق قىرغاقلارغا يامىشىدۇ. C .ئۆزئارا سوقۇشىدۇ. D .قۇمسىمان لاتقىلاردىكى يېمەكلىكلەرنى كولايدۇ.




## تيۇلېن

تيۇلېنىڭ يۇڭلىرى قىسقا ھەم پارقىراق، سوغۇققا چىدامىلىق. ئۇ دېڭىز-ئوكيانلاردىكى قاسىراقلىق ھايۋانلار ۋە سەككىز ئاياغ قاتارلىقلارنى يەيدۇ. سۇ ئۈزۈش ۋە سۇغا شۇڭغۇشقا ماھىر. سۇ ئاستىغا نەچچە يۈز مېتىر چۆكۈپ 40 مىنۇتقىچە تۇرالايدۇ.



مورژنىڭ ئۇزۇن چىشى ناھايىتى مۇھىم. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلالايدۇ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# قۇشلار


يەرشارىدا 9000 خىلدىن ئارتۇق قۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلاردۇر. قۇشلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ئۇچۇشقا ئىنتايىن ماسلاشقان، ئۇلار ئاسماننىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرى ھېسابلىنىدۇ.



قۇشلارنىڭ پەيلىرىنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل، چوڭلۇقىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

## ئۇچۇشقا ماسلاشقان تەن

قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلغان مۇسكۇللىرىدىن كېلىدۇ. يېيىلغان قانىتى بولسا ئۇچۇش قورالىدۇر. زور كۆپچىلىك قۇشلارنىڭ تەن شەكلى سۈيۈر شەكىللىك بولۇپ، ئۇچقاندا ھاۋانىڭ قارشىلىقىنى ئازايتالايدۇ. سۆڭەكلىرى ناھايىتى ئۆزگىچە بولۇپ، ئىچىدە نۇرغۇن كاۋاكلار بولىدۇ. مۇسكۇللىرى بىلەن قىسمەن سۆڭەكلىرى ئارىسىدا ھاۋا خالتىلىرى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقىنى يېنىكلەتكەن.






جاۋاب: A④ B③ C② D①

### پەي

قۇشلارنىڭ بەدىنىنى قاپلاپ تۇرغان پەيلەر ھەم يېنىك ھەم يۇمشاق، ئېلاستىكىلىققا ئىگە، سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ، بەدەننى ئىسسىق ساقلايدۇ. قۇشلارغا ئەڭ مۇۋاپىق ئەڭ يېنىك كىيىم ھېسابلىنىدۇ. قۇشلارنىڭ قانات ۋە قۇيرۇقىدا ھەم توم ھەم چوڭ پەيلىرى بولۇپ، قۇشلار ئۇلار ئارقىلىق پەرۋاز قىلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان قۇشلار پەيلىرىنى يىلىغا ئىككى نۆۋەت ئالماشتۇرىدۇ. قىشتا ئالماشقان پەيلەر قىشلىق پەي، يازدا ئالماشقان پەيلەر يازلىق پەي دېيىلىدۇ.



تۇندرا كەكلىكىنىڭ يازدىكى پەيلىرى قوڭۇر رەڭ بولۇپ، تاغ جىنسلىرى ۋە دەرەخزارلىقلارغا يوشۇرۇنۇشقا قولايلىق.

تۇندرا كەكلىكىنىڭ قىشلىق پەيلىرى ئاق رەڭلىك بولۇپ، قارلىق دالا بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ.

### قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى

قۇشلارنىڭ ئېغىزى ھەم قاتتىق ھەم ئۇچلۇق بولۇپ، «تۇمشۇق» دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇمشۇقىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۆزى ياقتۇرىدىغان يېمەكلىكنى تۇتۇشقا ماسلاشقان بولىدۇ. نەسلى قۇرۇپ كەتكەن قەدىمكى قۇشلاردىن باشقا ھازىرقى قۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىشى بولمايدۇ. تاشلىقىدىكى ئۇششاق تاش (قۇملارغا) تايىنىپ يېمەكلىكنى ئېزىدۇ.




قۇشلارنىڭ ئېغىزى ناھايىتى قالتىس، تۆۋەندىكى قۇش تۇمشۇقلىرى بىز ئۇچراتقان قايسى قوراللارغا ئوخشايدۇ؟

### چاڭگا ياساش

لاي، ئۇسۇملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، غول - يوپۇرماقلىرى، ھايۋانلارنىڭ يۇڭلىرى، پەي - ماموقلىرىنىڭ ھەممىسى قۇشلارنىڭ چاڭگا ياسىشىغا ماتېرىيال بولالايدۇ. قۇشلار چاڭگىسىدا ئارام ئالىدۇ، بوران - چاپقۇندىن دالدىلىنىدۇ ۋە تۇخۇم باسىدۇ، شۇنداقلا تۇخۇم ۋە باللىرىنى كۈشەندىلىرىدىن ساقلايدۇ.



قوموشلۇققا توقۇلغان چاڭگا

### قۇش چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىققاندا

بەزى قۇشلارنىڭ چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىققاندا كۆزى ئوچۇق، قولىقى ئاڭلىيالايدىغان، پۇتلىرىدا ماغدۇرى بار، پۈتۈن تېنىنى موي قاپلىغان بولىدۇ. بۇ خىل قۇشلار تېز يېتىلىدىغان قۇشلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: توخۇ، ئۆردەك، تۇرنا قاتارلىقلار. يەنە بەزى قۇشلارنىڭ چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىققاندا كۆزى يۇمۇق، بەدىنىگە ئاساسەن موي ئۈنمىگەن بولىدۇ. ئۆزى مېڭىپ ئوزۇقلۇق تاپالمايدۇ. بۇنداق قۇشلار ئاستا يېتىلىدىغان قۇشلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، قۇشقاچ، تۆمۈرتۇمشۇق، قارچىغا، ساقىيقۇش ۋە قاقىر قاتارلىقلار.



قۇشلار تۇخۇم تۇغۇش، تۇخۇم بېسىش ئارقىلىق ئەۋلاد قالدۇرىدۇ.

تېز يېتىلىدىغان قۇشلار مۇرەككەپ ئۇۋىلارنى ياساشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس، قۇش چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىقىپلا ئاتا - ئانىسىغا ئەگىشىپ يېمەكلىك ئىزدەيدۇ.





ئاستا يېتىلىدىغان قۇشلار ئاتا - ئانىسى ياسىغان مۇرەككەپ ئەمما ئەپچىل چاڭگىلاردا ئاتا - ئانىسىنىڭ بېقىشىغا تايىنىپ يېتىلىدۇ. چاڭگىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە ئۇچۇشنى ۋە يېمەكلىك ئىزدەشنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.



قارچىغىنىڭ كېرىلگەن قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.3 مېتىرغا يېتىدۇ.

### قارچىغا

قارچىغا كەڭ ھەم كۈچلۈك قانىتىغا تايىنىپ ئاسماندا ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىدۇ. ئەگەر ئولجىنى بايقاپ قالسىلا شىددەت بىلەن شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن چاڭگاللاپ تۇتىدۇ ھەم ئىلمەك ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن ئولجىنى تىتىپ يەيدۇ. قارچىغا كۆندۈرۈلسە ئوۋچىلارنىڭ شىكار قىلىشىغا ياردەملىشەلەيدۇ.



قارچىغىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئىنتايىن ياخشى، ئېگىز ئاسماندا تۇرۇپ يەردە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئۇششاق جانىۋارلارنى كۆرەلەيدۇ.





## يىرتقۇچ قۇشلار

**قارچىغا، تازقارا (قۇماي)، بۈركۈت، لاچىن (شۇڭقار)، قۇرغۇي، مۈشۈكياپىلاق قاتارلىقلار يىرتقۇچ قۇشلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى ۋە ئۇچلۇق تۇمشۇقلىرى ئولجىنى مەھكەم چاڭگاللاپ، چوقۇپ تىتىۋېتەلەيدۇ. يىرتقۇچ قۇشلار ناھايىتى تېز ئۇچىدۇ. ئاساسەن كۆشەندىسىز بولۇپ، ھەقىقىي ئاسمان زومىگەرىدۇر.**

### بۈركۈت

بۈركۈتنىڭ تېنى چوڭ، سەل كېلەڭسىز بولۇپ، ئولجىنى ھاۋادا قوغلاپ تۇتىشقا قولايسىز. ئۇلارنىڭ پۇتى ئىنتايىن كۈچلۈك، چوڭ ئىلمەك تىرنىقى بار بولۇپ، يەردىكى ھايۋانلارنى ئۇشتۇمتۇتلا چاڭگاللاپ ئېلىپ كېتەلەيدۇ.

مۈشۈكياپىلاقلار چاشقانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇلار ئورمانلىقلارنى قوغدايدىغان پايدىلىق قۇشلاردۇر.

### مۈشۈكياپىلاق

مۈشۈكياپىلاق ئېغىزاكى تىلدا ھۇقۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۈزىنىڭ تۈز ئەتراپىدا يۇمشاق پەيلەردىن شەكىللەنگەن «يۈز تەخسىسى» بولۇپ، مۈشۈكنىڭ بېشىغا سەل ئوخشايدۇ. شۇڭا «مۈشۈكياپىلاق» دەپ ئاتالغان. دۇنيادا تەخمىنەن 140 خىل مۈشۈكياپىلاق بولۇپ، جۇڭگودا بۇنىڭ 27 خىلى بار.




يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ئىچىدە پەقەت مۈشۈكياپىلاقلا كېچىسى يېمەكلىك ئوۋلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، ھەتتا چاشقاننىڭ يېمەكلىك چاينىغاندىكى ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالايدۇ.

جاۋاب: B

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## لاچىن

لاچىننىڭ جۈغى كىچىكرەك، قانتى ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق، ئۇچۇش سۈرئىتى ناھايىتى تېز. ئاسماندا تۇرۇپ يەردىكى ئولجىنى بايقىغاندا، ھەش-پەش دېگۈچە شۇڭغۇپ چۈشىدۇ. ئەڭ تېز بولغاندا سۈرئىتى سېكۇنتىغا 100 مېترغا يېتىدۇ.



لاچىن ئاسماندا ئولجىسىنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قاتتىق تېپىپ يارىلاندۇرغاندىن كېيىن، شۇڭغۇپ تۇتىۋالىدۇ.



يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئولجىلار ئاساسەن قۇتۇلالمايدۇ.



دېگىز بۈركۈتى دېگىز يۈزىنى سىيپاپ ئۇچۇپ، بېلىقتىن بىرنى تۇتىۋالدى.

تازقارىنىڭ بېشى ۋە بوينىدا پەيلىرى بولمايدۇ، بېشىنى تاپىنىڭ قورسىقىغا تىقىپ ئۈچەيلىرى ۋە مۇسكۇللىرىنى تارتىپ چىقىرىپ يەيدۇ.



A. تۇمشۇقى بىلەن چوقۇپ چېقىشى كېرەك.

B. بىر تاشنى چىشلەپ ئېلىپ تۇخۇمغا تاشلاپ چېقىشى كېرەك.

C. تۇخۇمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ بېسىپ چېقىشى كېرەك.

**ئاق قۇماي بىر دانە قۇش تۇخۇمى تېپىۋاپتۇ، ئۇنىڭ تۇخۇمنى بەكمۇ يېگۈسى كەپتۇ. قانداق قىلىشى كېرەك؟**



ئۇزۇن ئۆتمەيلا تازقارىلار تاپىنى پاك-پاكىز يەۋېتىدۇ.

## تازقارا

تازقارا (قۇماي) دائىم ئاسماندا ئەگىپ يەردىكى تەييار يېمەكلىكنى ئىزدەيدۇ. يەردە بىرەر تاپنى بايقاپ قالسا، دەرھال شۇڭغۇپ چۈشۈپ، قاتتىق ھەم كۈچلۈك ئىلمەك تۇمشۇقى بىلەن تاپنىڭ تېرىسىنى يىرتىپ لەززەتلىنىپ يېيىشكە باشلايدۇ.

تازقارىنىڭ كۈچلۈك پۇتلىرى ۋە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بولمايدۇ، ئەزەلدىن تىرىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېمەيدۇ.

# ئۇچالمايدىغان قۇشلار

تۆگىقۇش، ئېمۇ قۇشى (ئاۋستىراليە تۆگىقۇشى)، ئامېرىكا تۆگىقۇشى، كىۋى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇچالمايدىغان قۇشلاردۇر. ئۇلارنىڭ كۆكرىكى (تۆشى) تۈز، كۆكرەك مۇسكۇلى تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، ئۇچالمايدۇ. كىيىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇتلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئىنتايىن تېز يۈگۈرەيدۇ.



كىۋىنىڭ چوڭلۇقى توخۇچىلىك كېلىدۇ.

بۇرنى تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىغا جايلاشقان. بۇرۇن تۆشۈكى ئۇزۇن

## كىۋى

ئۇ «كىۋى، كىۋى» دەپ سايرىغاچقا كىشىلەر ئۇنى «كىۋى» دەپ ئاتىغان. ئۇ قويۇق چاتقاللاردا ياشايدۇ. كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. پۇراش سېزىمىگە تايىنىپ تۇپراق ۋە غازاڭلار ئارىسىدىن پارازىت قۇرتلار ۋە ھاشاراتلارنى تېپىپ يەيدۇ.

تۆگىقۇش ئافرىقا تۆگىقۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەركەك تۆگىقۇشنىڭ ئېگىزلىكى 2.8 مېتىرغا يېتىدۇ. ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئەڭ چوڭ قۇش ھېسابلىنىدۇ.



چىشى تۆگىقۇشنىڭ پەيلىرى قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، كۈندۈزدىكى قۇملۇق تۇپراقنىڭ رەڭگىگە بەك ئوخشايدۇ، شۇڭا قوغداش رولىغا ئىگە.

قانىتى رودىمېنتلىشىپ كەتكەن

ئەركەك تۆگىقۇشنىڭ پەيلىرى قارا رەڭدە

پۇت مۇسكۇللىرى ئىنتايىن كۈچلۈك

تۆگىقۇش چۈجىسى تۇخۇمدىن چىقىشى بىلەنلا ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۇزۇقلۇق ئىزدەيدۇ.

تۆگىقۇش سائىتىگە 70 كىلومېتىر يۈگۈرىيەلەيدۇ. بىر چامدامدا 3 مېتىر يىراقلىققا تاقلايدۇ، چاپقۇر ئاتلارغا ئاسانلا يېتىشىۋالىدۇ.

## تۆگىقۇشنىڭ ئائىلىسى

ئادەتتە ئون نەچچە تۆگىقۇش بىر توپ بولۇپ ياشايدۇ. بىر ئەركەك تۆگىقۇشنىڭ ئائىلىسىدە 3~5 چىشى تۆگىقۇش بولىدۇ. چىشى تۆگىقۇشلىرى تۇخۇمنى ئورتاق بىر ئۇۋىغا تۇغىدۇ. ھەربىر چىشى تۆگىقۇش 6~8 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ.

تۆگىقۇش تۇخۇم باسقاندا تۇخۇمنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، بەدەن ھارارىتى ئارقىلىق تۇخۇمنى مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەخمىنەن 40 كۈندىن كېيىن تۆگىقۇش چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىقىدۇ.



جاۋاب: ئالىسنىڭ تۇۋتى

تاڭ ئاتتى، تۆگىقۇشلار سىمنا ئالماشتۇرماقچى، تۇخۇم بېسىش نۆۋىتى كىمگە كەلگەندۇ؟



ئانا تۆگىقۇش ۋە ئاتا تۆگىقۇش نۆۋەتلىشىپ تۇخۇم باسىدۇ. ئۇلار پەيلىرىنىڭ رەڭگىدىن پايدىلىنىپ كىمگە نۆۋەت كەلگەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.





ئېمۇ قۇشىنىڭ يېڭىلا تۇغقان تۇخۇمى قارامتۇل يېشىل رەڭلىك بولۇپ، بۇ قۇشلار جەمەتى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەت ھېسابلىنىدۇ.



## ئېمۇ قۇشى

ئېمۇ قۇشى ئاۋستىرالىيە تۆگىقۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل ئۇزۇن ئۇمۇر كۆرىدىغان قۇش بولۇپ، 50 نەچچە ياشقىچە ياشىيالايدۇ. بىر خورىزى بىلەن بىرنەچچە مېكىيىنى بىر كىچىك توپ بولۇپ ياشايدۇ. مېكىيىنى ھەر يىلى قىش پاكى ئەتىياز پەسلىدە تۇخۇم تۇغىدۇ.

## قۇترىغان قۇش — كاسسۇئارى قۇشى


كاسسۇئارى قۇشى «ئوت يېگۈچى توخۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇ يىلىنجاۋاتقان ئوتنى يۇتۇۋېتەرمىش. كاسسۇئارى قۇشىنىڭ پۇتلىرى ۋە ئۇتكۇر تىرناقلىرى ناھايىتى كۈچلۈك زەخملەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. قۇترىغان ۋاقتىدا ئادەمنى تېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ.

تۆگىقۇش ئۇچقاندەك يۈگۈرگەندە دائىم قىسقا قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ.

كاسسۇئارى قۇشىنىڭ مۈڭگۈز ماددىلىق تاجى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئورمانلىقتىكى ئوت-چۆپ ۋە شاخ-شۇمبىلارنى قايرىپ يول ئېچىپ ماڭالايدۇ.













ئۇچالمايدىغان بۇ قۇشلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھەممىلا نەرسىنى دېگۈدەك يەۋېرىدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ھەرگىز ناچارلاشمايدۇ.

## ئامېرىكا تۆگىقۇشى


ئامېرىكا تۆگىقۇشىنىڭ جۈغى كىچىكرەك. ئەركەك ئامېرىكا تۆگىقۇشى ئۇۋا ياساشقا مەسئۇل بولىدۇ. مېكىيىنى ئۇۋىغا تۇخۇم تۇغقاندىن كېيىن، ھەر 3~4 كۈندە بىر كېلىپ يەنە كۆپەيتىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. خورىزى ئۇۋا يېنىدا تۇخۇم ۋە تۇخۇمدىن چىققان چۈجىلىرىدىن خەۋەر ئالىدۇ.



## پىنگۋىنلارنىڭ تويلىششى

مۇھەببەتلىشىۋاتقان پىنگۋىنلار بەزىدە بىر-بىرىگە تەزىم قىلىشىدۇ، ياكى ئاسمانغا كۆزىنى تىكىپ قەسەم قىلىشىدۇ. ئەركەك پىنگۋىن دائىم چىشى پىنگۋىنگە سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىدۇ. مەسىلەن، فوسفورلۇق راك قاتارلىق. ئۇلار تويلاشقاندىن كېيىن ئۆزۈن يىللارغىچە بىللە ياشايدۇ، بىر-بىرىگە ئىنتايىن سادىق.

ئانا پىنگۋىن ھەر نۆۋەتتە بىر-ئىككى تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇملىرىنى ئاتا پىنگۋىنگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، دېڭىزغا بېلىق تۇتۇشقا كېتىدۇ.




پىنگۋىنلار قۇش تۈرىگە كىرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قاناتلىرى رودىمېنتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇچالمايدۇ.

پالاقچىسمان قاناتلىرىدىكى پەيلىرى ناھايىتى قىسقا.

## ئاتىسى تۇخۇم باسىدۇ

خان پىنگۋىن تۇخۇمنى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قورسىقىدىكى قېلىن تېرىسىنى ساڭگىلىتىپ تۇخۇمنىڭ ئۈستىگە «يوتقان» دەك يېپىۋالىدۇ. نۇرغۇن ئاتا پىنگۋىنلار توپلىشىپ قىمىر قىلماي تۇرۇپ، جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ شىۋىرغانلىرى، قەھرىتان سوغۇقىغا ئورتاق تاقابىل تۇرىدۇ. بالا پىنگۋىنلار تۇخۇمدىن چىققانغا قەدەر ھېچنېمە يېمەي تۇخۇم باسىدۇ.

بالا پىنگۋىننىڭ سۇس كۈلرەڭ تۈكلىرى بولىدۇ.

## پىنگۋىن

جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇقىدا دائىم توپ-توپ پىنگۋىنلارنىڭ سەپ تارتىپ بىمالال سەيلە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇچرىتقىلى بولىدۇ. ئالىملارنىڭ مۆلچەرلىشىچە جەنۇبىي قۇتۇپتا 120 مىليون پىنگۋىن ياشىماقتا. ئۇلار شۇ جاينىڭ «يەرلىك ئاھالىلىرى» ھېسابلىنىدۇ.



پىنگۋىن باللىرى تۇخۇمدىن چىقىپ ئۆزۈن ئۆتمەي ئاتا-ئانىسى بېلىق تۇتۇشقا كېتىدۇ، بالا پىنگۋىن قانداق قىلىدۇ؟

A. ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە بارىدۇ

B. ھاممىسى «يەسلى» گە يىغىپ خەۋەر ئالىدۇ

C. ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ مۇستەقىل جان باقىدۇ

جاۋاب: B

### ئانىسىنى كۈتۈۋاتقان پىنگۋىن بالىلىرى

پىنگۋىن بالىلىرى تۇخۇمىدىن چىققاندا ئانا پىنگۋىننىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ئەسلىدىكىنىڭ يېرىمىغا چۈشۈپ قالىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئاشقازىنىدىكى بىر قىسىم سۇيۇقلۇقلارنى قۇسۇپ چىقىرىپ بالىسىنى باقىدۇ. تاكى ئانا پىنگۋىن كەلگەنگە قەدەر شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ.



ئانا پىنگۋىن تۇتقان ئۇلجىلىرىنى يۇتۇپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن يېرىم ھەزىم بولغان يېمەكلىكلەرنى قۇسۇپ چىقىرىپ ئۆز بالىسى ۋە باشقا پىنگۋىن بالىلىرىنى باقىدۇ.

كۆكرىكىنى قارغا يېقىپ ئارقا پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ، قار تېيىلغاندەك ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئادېلىي پىنگۋىنى

ئاتىسى بىلەن بىللە ئانىسىنى كۈتىدۇ

### پىنگۋىنلار چوڭ جەمەتى


يەرشارىدا 18 خىل تۈردىكى پىنگۋىن بولۇپ، ھەممىسى جەنۇبىي يېرىم شاردا ياشايدۇ. ئوكيانىيەدە تاجلىق پىنگۋىن، چوڭ پىنگۋىن قاتارلىقلار ياشايدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكىدا ھالقىلىق پىنگۋىن قاتارلىقلار ياشايدۇ. جەنۇبىي قۇتۇپتىكى خان پىنگۋىننىڭ بەدىنى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۆرە تۇرغاندا بويى 1.2 مېتىرغا يېتىدۇ. ئەڭ كىچىكى بولغان كىچىك پىنگۋىننىڭ بوي ئېگىزلىكى ئاران 40 سانتىمېتىرلا كېلىدۇ.

### پىنگۋىن سۇ ئۈزۈشكە ئامراق

پىنگۋىن سۇ ئۈزگەندە قاناتلىرىنى قېقىپ سۇدا «ئۇچقاندەك» كۆرۈنىدۇ. ئۇ يەنە سۇغا ئۈزۈش ۋاقتى چۆكەلەيدۇ. خان پىنگۋىن بىر قېتىمدىلا 10 مىنۇت سۇغا چۆكۈپ 260 مېتىر چوڭقۇرلۇققا بارالايدۇ.

قالپاق تاسمىسىمان سىزىقى بار پىنگۋىن

ئالتۇنرەڭ پىنگۋىن




سۇ دەسسەپ ئۈچۈش

پىنگۋىننىڭ تېرىسى ئاستىدىكى ماي قەۋىتى ئىنتايىن قېلىن بولۇپ، دېڭىزدا سوغۇقتىن قورقمايدۇ.



ئۈچىرەت بىلەن سۇغا سەكرەش



دېڭىزغا شۇڭغۇپ بېلىق تۇتۇش



www.uyghurkitap.com



ئاققۇۋلار ناھايىتى تېز ھەم ئېگىز ئۇچىدۇ، ئۇلار جۇمۇلاڭما چوققىسىدىنمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

كۈز كەلگەندە ئاققۇۋلار رەتلىك تىزىلىپ ئۇچۇپ جەنۇبقا بېرىپ قىشلايدۇ.

## سۇ قۇشلىرى

**كۆل، سازلىق، دەريا ـ ئۆستەڭلەردە ياشايدىغان قۇشلارنىڭ تولىسىنىڭ پۇت بارماقلىرىنى ئۇزگۇچ پەردىلەر تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەم سۇدا ئۈزەلەيدۇ ھەم ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ، شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇلارنى «سۇ ۋە ئاسمان باتۇرلىرى» دەپ ئاتاشقان.**



قارنانىڭ قۇيرۇقى ماي ئاجرىتىپ چىقىرالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار دائىم ھۆل قاناتلىرىنى كېرىپ ئاپتاپقا قاقلاپ قۇرۇتىدۇ.



مايىنى پەيلىرىگە سۈركەيدۇ

كۆپ قىسىم سۇ قۇشلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا ماي بېزى بولىدۇ. ئۇلار تۇمشۇقى بىلەن ماي بېزىنى سىقىپ ماي چىقىرىپ پەيلىرىنى مايلايدۇ، نەتىجىدە پەيلىرى ھۆل بولۇپ كەتمەيدۇ.






سۇ قۇشلىرىنىڭ پەنجىلىرى (بارماقلىرى) ئارىسىدىكى ئۇزگۇچ پەردىسىنىڭ رولى چوڭ بولۇپ، ئۈزگەندە پالاقنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، ھاۋادىن سۇ يۈزىگە چۈشكەندە بولسا «تورمۇز»نىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

كېكىردەك خالتىسى

### ساقىيقۇشنىڭ تۇمشۇق خالتىسى

ساقىيقۇشنىڭ ئاغزىنىڭ ئاستىدا چوڭ خالتىسى بولۇپ، كېكىردەك خالتىسى دېيىلىدۇ. ئۇ خۇددى بېلىق تورىغا ئوخشاش بولۇپ، يوغان بېلىقنى پاتۇرالايدۇ، يەنە يېمەكلىكنى زاپاس ساقلىيالايدۇ. ساقىيقۇش يېمەكلىك تۇتۇپ قايتقاندا باللىرى ئۇنىڭ كېكىردەك خالتىسىغا بېشىنى تىقىپ يېرىم ھەزىم قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى يەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

## پاكىزە قۇش كۆكتارغاق ( بېلىقچى )

كۆكتارغاق ناھايىتى پاكىزلىقنى خالايدۇ، سۈيى سۈزۈك ئېقىن-ئۆستەڭلەر، ئېرىق، كۆل ۋە كۆلچەكلەر ئەتراپىدا يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ دائىم سۇ بويىدىكى تاش ياكى دەرەخ شاخلىرىغا قونۇپ، سۇ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرىدۇ. كىچىك بېلىقلارنى بايقاپ قالسىلا سۇغا سەكرەپ كىرىپ ئۈچلۇق تۇمشۇقىنى بېلىققا بىگىزدەك سانجىپ ۋە يەنە دەرھال دەرەخكە ئۇچۇپ چىقىپ بېلىقنى پۈتۈنلا يۇتۇۋالىدۇ.



كۆكتارغاقنىڭ پەيلىرىدە چىرايلىق كۆك رەڭ ئارىلىشىپ كەلگەچكە شۇنداق ئاتالغان.



قارنىنىڭ تۇمشۇقى لاچىن تۇمشۇقىغا ئوخشاش ئۇچلۇق ھەم ئۆتكۈر بولۇپ، سىلىق بېلىقنى مەھكەم چىشلەپ ئالالايدۇ.

## قارنانىڭ بېلىق تۇتۇشى

قارنا سۇ بويىدىكى تاش ياكى كۆتەكلەردە تۇرۇپ، سۇدىكى بېلىقنى بايقاپ قالسىلا تۇيۇقسىزلا سۇغا ئېتىلىپ كىرىپ تۇتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ كېكىردىكىدە نېپىز تېرىدىن شەكىللەنگەن خالتىسى بولۇپ، كېرىلىش ئىقتىدارى زور، شۇڭا ناھايىتى چوڭ بېلىقنىمۇ يۇتۇۋېتەلەيدۇ.



قانتىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ

ئاققۇ سۇ يۈزىدە ئۈزگەندە بويىنىنى «S» شەكلىدە ئېگىۋالىدۇ.

ئاققۇ چۈجىلىرىنىڭ كۈلرەڭ مويلىرى بولىدۇ.

## ئاققۇ

ئاققۇنىڭ بويىنى ئۇزۇن، تۇرقى ناھايىتى گۈزەل. ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دەريا، كۆللەردە ياشايدۇ. سۇ ئۆسۈملۈكلىرى، سەدەپ قۇلۇللەر، بېلىق، راك قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ھەر يىلى باھاردا شىمالدىكى ماكانىغا ئۇچۇپ بېرىپ، قومۇشلۇقلارغا ئۇۋا ياساپ تۇخۇم تۇغىدۇ؛ كۈزدە يېتىلگەن چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىسسىق جەنۇب تەرەپلەرگە بېرىپ قىشلايدۇ.



ئەركەك سۇقسۇرنىڭ پەيلىرى بەكمۇ كۆركەم

## سۇقسۇر ( قوشماق ئۆردەك )

سۇقسۇرلار 20 دەكى بىر توپ بولۇپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار دائىم جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرىدۇ، زادى ئايرىلمايدۇ. شۇڭا يەنە ئامراق ئەر-خوتۇنلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە سۇقسۇرلار مۇھەببەتكە «سادىق» ئەمەس. دائىم ئايرىلىپ ياشايدۇ. بىر تەرەپ ئۆلۈپ كەتسە يەنە بىر تەرەپ دەرھال باشقىسىنى تېپىۋالىدۇ.





A. ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ
B. بېلىق تۇتۇۋاتىدۇ
C. يېڭى دوستلارنى قارشى ئېلىۋاتىدۇ

ساقىيقۇشلار سۇ يۈزىدە چەمبىرەك ھالەتتە توپلىشىپ تۇرۇپ قانتى بىلەن سۇنى ئۇرىدۇ. ئۇلار نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟



## سۇ بويىدىكى شادىپاچاق قۇشلار

سۇ بويلىرىدا دائىم بەزى پۇت ۋە بويۇنلىرى ئۇزۇن قۇشلار ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دەرەخلەرگە چاڭگا ياساپ ماكانلىشىپ، تېز سۇلاردىكى بېلىق، پاقا، يىلان قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، ئومۇمەن سۇ ئۈزەلمەيدۇ.

قىزىل لەيلەكنىڭ ئۇچ پەنجىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆزگۈچ پەردىسى بولغاچقا سۇ ئۈزەلەيدۇ.

تۇمشۇقىنى سۇغا تىقىپ يۇسۇنلەرنى ياكى قاسراقلىق كىچىك جانلىقلارنى تېپىپ يەيدۇ.

### قىزىل لەيلەك

قىزىل لەيلەك يەنە «فلامىنگو قۇشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆپىنچە مەزگىلدە پۈتۈن پەيلىرى قىزىل رەڭگە كىرىدۇ. ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ، سانى نەچچە ئون مىڭغا ھەتتا نەچچە مىليونغا يېتىدۇ. بىر قىزىل لەيلەك ئۇچۇپ ئاسمانغا ئۆرلىسە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇچۇپ ھەممىسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ.



### قىزىل قاشقا تۇرنا

ئەتىيازدىكى كۆپىيىش مەزگىلىدە ئەركەك- چىشى قىزىل قاشقا تۇرنىلار بىر- بىرىگە قاراپ قانات قېقىپ ئۇسسۇل ئويناپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدۇ. خۇشلۇق بىلەن سايرىغان ئاۋازلىرى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سازلىقلاردىكى ئوت- چۆپ دۆۋىلىرىگە چاڭگا ياسايدۇ، چىشىسى تۇخۇم سالغاندىن كېيىن ئۇزى باسىدۇ، ئەركىكى ئەتراپىدا كۈزەتتە تۇرىدۇ.



ئاپئاق پەيلىرى، زىلۋا قامىتى قىزىل قاشقا تۇرنىنى ناھايىتى چەبدەس، چاققان كۆرسىتىدۇ.

### قىزىل قاشقا تۇرنا نېمە ئۈچۈن يەنە پەرىشتە تۇرنا دېيىلىدۇ؟

قەدىمكىلەر قىزىل قاشقا تۇرنىنى پەرىشتىلەرگە ھەمراھ، نۇرغۇن پەرىشتىلەرنىڭ قوندىقى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇنى پەرىشتە تۇرنا دەپمۇ ئاتايدۇ. قىزىل قاشقا تۇرنا 50 نەچچە ياشقىچە ياشايدۇ. كىشىلەر دائىم «تۇرنا ئۆمرى»، «تۇرنا يېشى» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق «ئۇزۇن ئۆمۈر» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب ئورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئارىيسى
www.uyghurkitap.com



## ئاق قۇتان

ئاق قۇتاننىڭ تېنى زىلۋا، ئۇچقاندا باش، بويۇن ۋە ئىككى پۇتىنى دائىم بىر تۈز سىزىق شەكلىدە ئۇزارتىۋالىدۇ، توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، كۆپىيىش مەزگىلىدە بېشىنىڭ كەينىدىن ئىككى تال تاجسىمان پەي، دۈمبە ۋە كۆكرىكىدىن پاخماق پەيلەر ئۆسۈپ چىقىدۇ.

بېلىق تۇتۇۋالغان ئاق قۇتان تېزلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

## ئاق لەيلەك

ئاق لەيلەكنىڭ پۇتى ناھايىتى ئۇزۇن، قانىتى ناھايىتى چوڭ، ئۇچسا يىنىك، ئەپچىل ئۇچىدۇ، ئۇلار شىمال تەرەپلەردە كۆپىيىپ نەسىل قالدۇرىدۇ، قىشتا جەنۇبتىكى ئىللىق جايلاردا قىشلايدۇ. ھەر يىلى قىش پەسلىدە مەملىكىتىمىزدىكى پوياڭ كۆلىگە نۇرغۇنلىغان ئاق لەيلەكلەر ماكانلىشىدۇ. پوياڭ كۆلى دۇنياغا مەشھۇر ئاق لەيلەك قوغداش رايونى ھېسابلىنىدۇ.

## قارا لەيلەك

قارا لەيلەك دائىم تېيىز سۇدا قانىتىنى ئالدىغا كۆتۈرۈپ، سۇ يۈزىگە سايە چۈشۈرۈپ تۇرىۋالىدۇ. ئۇششاق بېلىق ۋە راكلار تاشمىكەن دەپ ئۆزلۈكىدىنلا ئۈزۈپ كېلىدۇ. نەتىجىدە قارا لەيلەككە يەم بولىدۇ.



بېلىق، راكلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن قاپقانغا چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئاق لەيلەك كۈندۈزى كۆل، دەريا، ۋە سۇلۇق ئېتىزلاردا يېمەكلىك تېپىپ يەيدۇ، كېچىسى دەرەخ شاخلىرىدا ئارام ئالىدۇ.

## ئۇقار

ئۇقار يېتىلگەندە تۇمشۇقى خۇددى بارىتقا ئوخشاش ياپىلاق بولىدۇ. تۇمشۇقىنى تېيىز سۇغا تىقىپ ئوڭ-سولغا تەۋرىتىش ئارقىلىق سۇ ئوتلىرىنى، كىچىك راك ۋە ھاشارات قاتارلىقلارنى تېپىپ يەيدۇ.



قىزىل قاشقا تورنىنىڭ چۈجىسى تۇخۇمدىن چىقىپلا ماڭالايدۇ، نەچچە كۈندىن كېيىن ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ يېمەكلىك ئىزدەيدۇ.

ئۇقار سۇدىن بىر ھاشاراتنى تۇتىۋالدى.

## دېڭىز قۇشلىرى

دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدىغان قۇشلار ئۇۋىسىنى كىچىك ئاراللارغا ياكى قىرغاقتىكى يالارغا ياسايدۇ. ئومۇمەن توپلىشىپ ئۇچىدۇ، بېلىق تۇتۇپ يەيدۇ. بەزى چوڭ تىپتىكى دېڭىز قۇشلىرى كىچىك قۇشلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىنى ياكى باللىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ.



قارلىغاچسىمان چايكا بېلىقنى تۇتىۋالغاندىن كېيىن، قانات قېقىپ ئاسمانغا كۆتۈرىلىدۇ.

### ئالباتروس قۇشى (بورانقۇش)

دۇنيادا 13 خىل ئالباتروس قۇشى بولۇپ، كۆپ قىسمى جەنۇبىي قۇتۇپقا يېقىن دېڭىز رايونلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلار چوڭ قۇرۇقلۇقتىن يىراق ئاراللاردا نەسىل قالدۇرۇپ كۆپىيىدۇ. ھەر نۆۋەتتە بىرلا تۇخۇم تۇغىدۇ. چۈجىسىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىش ۋاقتى 80 كۈنگە سوزۇلىدۇ. چۈجىسى تۇخۇمدىن چىقىپ 40 نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇچۇشنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ.

ئالباتروس قۇشى كۆپىيىش پەسلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ھەرگىز يەرگە قونمايدۇ، كۈنبويى دېڭىزدا پەرۋاز قىلىپ يۈرىدۇ.



تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدا ئىلمەكى بار، بۇرۇن تۆشۈكى نەيچىسىمان

ئالباتروس قۇشى ئەڭ چوڭ دېڭىز قۇشى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككى قانىتىنى يېيىپ دېڭىزدىكى كۈچلۈك شامالنىڭ ياردىمىدە قانات قاقماي نەچچە سائەتقىچە لەيلىيەلەيدۇ.

ئۇزۇن قاناتلىرى پەسكە لەيلەپ ئۇچۇشقا بەكمۇ ماس كېلىدۇ.



ئوغرى چايكا بىر چۈجىنى ئوغرىلاپ قاچتى

### چايكا

چايكىنىڭ پەنجىلىرى ئارىسىدا ئۈزگۈچى پەردىلىرى بولغاچقا دېڭىز يۈزىدە ئۈزۈشكە ماھىر. قاناتلىرى ھەم ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق. دېڭىز ئاسمىنىدا ئۇزۇن ۋاقىت لەيلىيەلەيدۇ. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان چايكىلار قىزىل تۇمشۇق چايكا، ئاق چايكا ۋە قارلىغاچسىمان چايكىلاردىن ئىبارەت.



تۇخۇمدىن يېڭى چىققان ئالباتروس قۇشى چۈجىسى



ئۇچالمايدۇ، ئۇۋىسىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ بېقىشىنى كۈتىدۇ.



چايكا قىرغاقتىكى تىك يارلارغا ئۇۋا سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.



قارلىغاچسىمان چايكىنىڭ يېمەكلىك تۇتۇشى

www.uyghurkitap.com

چايكىلار نېمە ئۈچۈن كېتىۋاتقان پاراخوتلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۇچىدۇ؟

A. پاراخوتلارغا ئۇۋا سېلىش ئۈچۈن

B. پاراخوتلار ماڭغاندا شەكىللەنگەن ئۆرلەش ھاۋا ئېقىمىغا ئەگىشىپ ئۇچسا كۈچى خورىمايدۇ

C. پاراخوت چاقپېلىكىگە سوقۇلۇپ هوشىدىن كەتكەن بېلىقلارنىڭ سۇدىن لەيلەپ چىقىشىنى كۈتىدۇ




## ئاق قورساق سۇلا قۇشى

ئاق قورساق سۇلا قۇشى تىنچ ئوكياننىڭ تروپىك بەلۋاغ رايونلىرىدا ياشايدۇ. دېڭىز يۈزىدە دائىم تۈپلىشىپ پەس ئۇچۇپ، يېمەكلىك ئىزدەيدۇ. بېلىق توپىنى بايقاپ قالسا سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ بېلىقنى چىشلىۋالغاندىن كېيىن، سۇ يۈزىگە چىقىپ يۇتۇۋېتىدۇ.

ئاق قورساق سۇلا قۇشلىرى ھەر كۈنى كەچتە ئارالغا قايتىدۇ. شۇڭا بېلىقچىلار دېڭىزدا بېلىق تۇتۇپ قايتقاندا ئاق قورساق سۇلا قۇشىنى يول باشلىغۇچى قىلىدۇ. بېلىقچىلار ئاق قورساق سۇلا قۇشىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى «يول باشلىغۇچى قۇش» دەپمۇ ئاتايدۇ.

توپ ـ توپ چايكىلار دېڭىز يۈزىدە ئايلىنىپ ئۇچۇپ بېلىق، راك ۋە باشقا سۇ جانلىقلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ، بەزىلىرى يەنە باشقا دېڭىز قۇشلىرىنىڭ تۇخۇملىرى ۋە چۈجىلىرىنى بۇلاپ يەيدۇ. چايكىلار دۈشمىنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا بىرلىكتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ دۈشمىنىنى مايىقلىرى بىلەن «بومباردىمان» قىلىدۇ.




فرېگات قۇشى باشقا قۇشنىڭ ئاغزىدىكى بېلىقنى كۆرۈپ قالدى.

## فرېگات قۇشى

فرېگات قۇشىنىڭ جۈغى چوڭراق، قانات قۇيرۇقلىرى ئۇزۇن. بەدىنى يېنىك ئۇچۇش سۈرئىتى ناھايىتى تېز. گەرچە ئۆزى بېلىق تۇتالىسىمۇ لېكىن دائىم چايكا، ئاق قورساق سۇلا قۇشى قاتارلىق كىچىكرەك دېڭىز قۇشلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى يېمەكلىكلەرنى تارتىۋالىدۇ.

دېڭىز شاتۇتىسى ئېغىزىغا ئۇششاق بېلىقلارنى لىق توشقۇزىۋالغاندىن كېيىن ئۇۋىسىغا قايتىپ بالىلىرىنى باقىدۇ.

ئەركەك فرېگات قۇشلىرى چىشى قۇشنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھاۋانى سۈمۈرۈپ بوغۇزىنى چوڭ قىزىل شاردەك كۆپتۈرۈۋېلىپ، ئىككى تەرەپكە پۇلاڭشىتىدۇ، ئاندىن ھاۋانى تېز قويۇپ بېرىپ «پاق» قىلغان ئاۋاز چىقىرىدۇ.




## ئورمان قۇشلىرى

ئورمانلار نۇرغۇنلىغان قۇشلارنىڭ ماكانى. ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان قۇشلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرىنى يېگەندىن باشقا زور كۆپچىلىكى زىيانداش هاشاراتلارنى تۇتۇپ يەپ، ئىنسانلارغا ياردەملىشىپ ئورمانلارنى ئاسرايدۇ.

### كاككۇك

كاككۇك باهاردا سايراشنى ياخشى كۆرىدۇ. چوڭ كاككۇكلار ئۇدا يىرىم سائەتتىن ئارتۇق سايرىيالايدۇ. تۆت تاۋۇشلۇق كاككۇكنىڭ سايرىشى تون بويى توختىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋازى يىراقلارغىچە تارقىلىدۇ، بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ ئاڭلىغىلى بولىدۇ.




نۇرغۇن كاككۇكلار ئۆزلىرى ئۇۋا ياسىماي تۇخۇمىنى باشقا قۇشلارنىڭ چاڭگىسىغا تۇغۇپ قويىدۇ. باشقا قۇشلار ياردەملىشىپ ئۇنىڭ تۇخۇمىنى باسىدۇ ۋە تۇخۇمدىن چىققان چۈجىلىرىنى باقىدۇ. بۇنداق هادىسە «چاڭگا پارازىتلىقى» دېيىلىدۇ.



A. كاككۇك باشقا قۇشنىڭ تۇخۇملىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆز تۇخۇمىنى تۇغىدۇ.



B. باقىقان ئاتا-ئانىسىنىڭ پەرۋىشى بىلەن كاككۇك بالىسى چوڭىيىپ ئۇۋىغا كەپلىشىپ قالىدۇ.

### بۇ تۆت رەسىمنى رەت تەرتىپى بويىچە تىزىڭ





C. كاككۇك بالىسى تۇخۇمدىن چىقىپلا ئاتا-ئانىسى يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۇۋىدىكى تۇخۇملارنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدۇ.



D. كاككۇك بالىسىنىڭ بويى چوڭىيىپ كەتكەچكە باقىقان ئاتا-ئانىسى ئىلاجسىز كاككۇك بالىسىنىڭ بەدىنىگە قونۇپ تۇرۇپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ.

جاۋاب: DBCA

### كاككۇك چۈجىسىنى بېقىش

كاككۇك چۈجىسى پارازىت ياشاۋاتقان ئۇۋىدا باشقا قۇش چۈجىلىرىدىن بۇرۇن تۇخۇمدىن چىقىدۇ. ئۇ تېخى كۆزى ئېچىلماي تۇرۇپلا ئۇۋا ئىگىسىنىڭ تۇخۇملىرى ۋە تۇخۇمدىن چىققان چۈجىلىرىنى ئۇۋىدىن تاشلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ «بېقىۋالغان ئاتا-ئانىسى» ئاشۇ كاككۇك چۈجىسىنىلا باقىدۇ. كاككۇك چۈجىسى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ. باقىقان ئاتا-ئانىسىنىڭ مېهرى-شەپقىتىگە رەهمەت ئېيتىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

## كۆلرەك سىغىرخان

باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى كۆپىنچە مەزگىللەردە كۆلرەك سىغىرخانلار زور مىقداردىكى ئورمان زىياندىشى ھاشاراتلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇلار يەنە باشقا قۇشلار يېيىشكە پېتىنالمايدىغان قارىغاي پەرۋانىسىنىمۇ يەيدۇ. شۇڭا قارىغايلىقنىڭ ئەڭ ياخشى قاراۋۇلى ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى سىغىرخانلارنى كۆپەيتىپ ئورمانلارغا قويۇپ بەرمەكتە.



كۆلرەك سىغىرخان

تۆمۈر تۇمشۇق دەرەخ غولىدا مەھكەم تۇرۇۋېلىپ تۇمشۇقى بىلەن دەرەخ غولىنى كۆچەپ چوقۇيدۇ.



تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ پۇت بارماقلىرىنىڭ ئىككىسى ئالدىغا، ئىككىسى كەينىگە قارايدۇ.

## تۆمۈر تۇمشۇق

دۇنيادا 270 خىل تۆمۈر تۇمشۇق بولۇپ، كۆپ قىسمى ئورمانلاردا ياشايدۇ. ئۇلار دەرەخ قوۋزىقى ئاستىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى يەيدۇ. شۇڭا «ئورمان دوختۇرى» دەپ نام ئالغان. تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ تۇمشۇقى ئىسكىنىگە ئوخشاش دەرەخ قوۋزىقىنى قېزىپ قۇرتلارنى تۇتىدۇ. تىلى ئۇزۇن ئىلمەككە ئوخشاش بولۇپ، قېزىلغان دەرەخ كامىرىغا تىقىپ قۇرتنى ئېلىپ يەيدۇ.

ئانىسى قۇرت تۇتۇپ كەلدى



تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ قۇيرۇق پەيلىرى قاتتىق ھەم ئېلاستىكىلىققا ئىگە. خۇددى ئۈچىنچى پۇتىدەك دەرەخ غولىغا مەھكەم تىرىلىپ تۇرىدۇ.

تۆمۈر تۇمشۇق دەرەخ غولىغا كامار كولاپ ماكانلىشىدۇ، ياغاچ ئۇۋاقلىرىنى تۇشۇپ كېلىپ كامارنىڭ تېگىگە يېيىپ ئۇۋىسىنى «بېزەيدۇ». چىشى تۆمۈر تۇمشۇق ھەر قېتىمدا 2~8 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. تۆمۈر تۇمشۇق باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن ئاتا تۆمۈر تۇمشۇق قۇرتلارنى تۇتۇپ كېلىپ باللىرىنى باقىدۇ. ھەم باللىرىنىڭ مايىقىنى ئۆز ۋاقتىدا تازىلاپ سىرتقا تاشلىۋېتىدۇ.

## سوپسوپياك

سوپسوپياك قۇشلار دۇنياسىدىكى مەشھۇر «ناخشىچى» بولۇپ، كۆپىنچە مەزگىلدە ئەركەك سوپسوپياك ناھايىتى يېقىملىق سايراپ، چىشى سوپسوپياكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. سوپسوپياك بىر خىل پەسىل قۇشى، يازدا مەملىكىتىمىزدە ياشاپ نەسىل قالدۇرىدۇ، قىشتا بولسا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا بېرىپ قىشلايدۇ.

غورۇلاي ئۇلجىدىن ئالدىرىماي بەھرىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى دەرەخ پۇتىقىغا ئىلىپ قويىدۇ.



سوپسوپياك ئېگىز دەرەخ شاخلىرىغا ئۇۋا سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

## غورۇلاينىڭ ئولجىنى شاخقا ئىلىپ قويۇشى

غورۇلايلار ئورمان ياقىلىرى ۋە شالاڭ دەرەخزارلىقلاردا ياشايدۇ. دائىم ئېگىز شاخلارغا قونۇۋېلىپ چىرقىراق ئاۋازدا سايرايدۇ. ئۇلار چاشقان، پاقا ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەمدە تۇتىۋالغان ئولجىسىنى دەرەخنىڭ شاخ-تىكەنلىرىگە ئىلىپ قويىدۇ.









## شاتۇتىنىڭ تىل ئۆگىنىشى

شاتۇتى ئەقىللىق، چىرايلىق بولۇپ، مەشھۇر ئەرمەك قۇش ھېسابلىنىدۇ. كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن قول ئېلىشىش (سالاملىشىش)، تەزىم قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلالايدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشىغان شاتۇتىلار ئادەمنى دوراپ سۆزلىيەلەيدۇ.

## كەركىدان قۇشنىڭ چوڭ تۇمشۇقى

كەركىدان قۇشنىڭ تۇمشۇقى ھەم يوغان ھەم ئۇزۇن، ئۈستىدە قاپارتما بار بولۇپ، قارىماققا ناھايىتى ئېغىردەك كۆرىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇلۇتتەك يېنىك. كەركىدان قۇش نەرسە يېگەندە يېمەكلىكنى يۇقىرىغا تاشلاپ چۈشۈۋاتقاندا چاققانلىق بىلەن چىشلىۋېلىپ يۇتۇۋېتىدۇ.






# تروپىك بەلۋاغ قۇشلىرى

تروپىك بەلۋاغ ئورمانلىرىدا نۇرغۇن تۈردىكى قۇشلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇمشۇقلىرى قاتتىق، پەنجە تىرناقلىرى ئەپچىل بولۇپ، دەرەخزارلىق ئىچىدە ئەركىن-ئازادە ئۇچۇپ يۈرەلەيدۇ. ھاشارات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنى، ئۇرۇق ۋە مېۋىلىرىنى يەيدۇ.

### ھەرەقۇش (بىر تۈغرام)

ھەرەقۇش دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك قۇش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مىقداردىكى گۈل شىرنىسىنى شوراپ ئوزۇقلىنىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھەرەقۇش ھەر كۈنى گۈللەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ گۈل شىرنىسى سۈمۈرگەندىن باشقا، يەنە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل چېڭى تارقىتىشىغا ياردەملىشىدۇ.



ھەرەقۇش ئۇچقاندا ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش غوڭغۇلدىغان ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئالدىغىمۇ، ئارقىغىمۇ ئۇچالايدۇ. شۇنداقلا يەنە تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئوخشاش ھاۋادا ئېسىلىپ تۇرالايدۇ.



### ھەرەقۇش گۈل شىرنىسىنى قانداق يەيدۇ؟

ھەرەقۇشىنىڭ تۇمشۇقى ھەم ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، خۇددى سۈمۈرۈش نەيچىسىگە ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇ شىرنىنى تۇمشۇقى بىلەن شورىماي بەلكى ئۇزىراپ-قىسقىرالايدىغان ئۇزۇن تىلىنى گۈلنىڭ مەركىزىگە تىقىپ شىرنىنى يالاپ يەيدۇ.

## توزنىڭ قۇيرۇقىنى يېيىشى

باھار مەزگىلىدە ئەركەك توز قۇيرۇقىدىكى پەيلىرىنى خۇددى يەلپۈگۈچتەك تولۇق يايىدۇ، ھەمدە قۇيرۇقىنى تىترىتىپ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز-كۆز قىلىپ، چىشىسىنى جەلپ قىلىدۇ. ئەڭ چوڭ ئەركەك توزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇيرۇقىلا 1.5 مېتىر كېلىدۇ.

تروپىك بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىدىكى قۇشلارنىڭ تولىسىنىڭ پەيلىرى چىرايلىق بولىدۇ. ئەركەك قۇشنىڭ پەيلىرى چىشىسىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ چىرايلىق، رەڭدار بولىدۇ.



چىرايلىق، رەڭدار قۇيرۇقى خۇددى مېتالدەك يالتىراپ تۇرىدۇ.

چىشى توزنىڭ پەيلىرىنىڭ رەڭگى تۇتۇقراق بولۇپ، تۇخۇم باسقاندا قوغدىنىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئەركەك توز گۈزەل پەيلىرىنى يېيىپ، چىشى توزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com





### قارلىغاچ

قارلىغاچ لاي ۋە ئوت - چۆپلەرنى چىشلەپ كېلىپ لەمپىلەرنىڭ ئاستىغا ئۇۋا ياسايدۇ. باللىرىنى ئۇۋىسىغا كىرىپ - چىقىپ ئالدىراش باقىدۇ. ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن قوشنا بولۇپ ئىناق ئۆتىدۇ. كۈز كۈنلىرى باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جەنۇبتىكى ئىللىق جايلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ.

قارلىغاچنىڭ ئېچىلغان ئېغىزى ھاشارات تۇتۇش تورىغىلا ئوخشايدۇ. ئۇچقان چاغدا ئۇششاق ھاشاراتلار ئۆزلۈكىدىنلا «تور»غا چۈشىدۇ.

## ئىنسانلارغا قوشنا قۇشلار

ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا يەنە بىرقىسىم قۇشلارمۇ ئۇۋا - چاڭگىلارنى ياساپ ئولتۇراقلىشىدۇ. بۇ قۇشلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى يىل بويى بۇ يەردىن ئايرىلالمايدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى كۆچمەس قۇشلار دەپ ئاتايدۇ، مەسىلەن، قۇشقاچ ،سېغىزخان ۋە قاغا: بەزىلىرى بىر يىلنىڭ باھار ۋە ياز پەسىللىرىدە شىمال تەرەپلەردە، كۈز ۋە قىش پەسىللىردە جەنۇب تەرەپلەردە ياشايدۇ، ئادەملەر ئۇلارنى پەسىل قۇشلىرى دەپ ئاتايدۇ، مەسىلەن، قارلىغاچ ۋە كاككۇك.



لەمپىدىكى كەپتەرلەر

### كەپتەر

كەپتەرنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى، ئەزەلدىن يۆنىلىشتىن ئازمايدۇ. ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ۋاقت يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتسىمۇ يەنىلا ئۆز ئۆيىنى تاپالايدۇ. كەپتەرلەر مەيدانغا ئوخشاش كەڭ - ئوچۇق جايلارغا يىغىلىپ دانلاشنى، ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىنسانلار بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ.





## سېغىزخان

سېغىزخاننىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇچقاندا لىپىلدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ دائىم «چاق - چاق» قىلىپ سايرايدۇ. كىشىلەر ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنى قۇتلۇق قۇش دەپ قارايدۇ. سېغىزخان ئېگىز دەرەخلەرگە چاڭگا سالىدۇ. ئۇرۇق، مېۋە، ھاشارات قاتارلىقلارنى يەيدۇ. بەزىدە ھايۋانلارنىڭ تاپلىرىنىمۇ يەيدۇ.

سېغىزخان دەرەخلەرگە قونغاندا قۇيرۇقى ئېگىز- پەس لەپەڭشىپ تۇرىدۇ.

## قۇشقاچ

قۇشقاچ يېزا-كەنتلەر ۋە شەھەر-بازارلارغا ئوخشاش ئىنسانلار پائالىيەت قىلىدىغان جايلاردا ماكان تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار لەمپە ئاستىلىرىغا، دەرەخ كامارلىرىغا ئۇۋا ياسايدۇ ياكى دەرەخ شاخلىرىغا چاڭگا تىزىدۇ. دانلارنى ۋە ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرىنى يەيدۇ. ئەتىيازدا بالىلىرىنى ھاشاراتلار بىلەن باقىدۇ.



قۇشقاچنىڭ تۇمشۇقى ھەم قىسقا ھەم توم، خۇددى كونۇسقا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنى چوقۇپ يېيىشكە ماسلاشقان.


قۇشقاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 14 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

قاغىنىڭ تۇمشۇقى قاتتىق ۋە كۈچلۈك.

## قاغا

قاغا ھەرقانداق مۇھىتتا ياشاۋېرىدۇ. شۇڭا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۇلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قاغا ئىنتايىن ئەقىللىق، چوڭ دەرەخلەرگە چاڭگا سالىدۇ. پارقىراق نەرسىلەرگە ئامراق، بەزىدە ھايۋان تاپلىرىنى يەيدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ياخشى دوستى بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتالايدۇ.

قاغىلار ئېگىز دەرەخلەرگە توپلىشىۋېلىشقا ئامراق، «قاق، قاق» قىلغان ئاۋازى سەل بوغۇقراق چىقىدۇ.






A.يالتىراق نەرسىلەرنى يىغىش



B.باشقا قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرى ۋە چاڭگىسىغا ھۇجۇم قىلىش




C.«ۋاق، ۋاق» ۋارقىراش



D.چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر پارچە زېمىن ئىگىلەپ ئۆمۈر بويى ياشاش

**قايسى ئىشلارنى سېغىزخان قىلىدۇ؟**

# هاشاراتلار

هاشاراتلار دىنوزاۋرلاردىنمۇ قەدىمىي جانلىق بولۇپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن باشقا يەرشارىنىڭ ھەممە جايدا ياشايدۇ. تېنى كىچىك، ئوزۇقلىنىش مىقدارى ئاز، مۇھىتقا بولغان تەلىپى تۆۋەن، كۆپىيىشى تېز، تۈرى ۋە سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى ھاياتى كۈچى ئەڭ زور بىر جەمەت ھېسابلىنىدۇ.



قارا چېكەتكىنىڭ ئانتېننىسى قامچىغا ئوخشايدۇ.




ئۆزۈن مۈگگۈزلۈك قوڭغۇزنىڭ بۇغا مۈگگۈزىسىمان ئانتېننىسى بار.



كېپىنەكنىڭ ئانتېننىسى توقماققا ئوخشايدۇ.

ئانتېننا خۇددى تەكشۈرۈش ئەسۋابىغا ئوخشاش پۇراق ۋە تەۋرىنىشنى سېزەلەيدۇ.



مۇرەككەپ كۆز

ئاددىي كۆز

يىڭناغۇچنىڭ ئاددىي كۆزى ۋە مۇرەككەپ كۆزى



چىۋىننىڭ ئېغىز ئاپپاراتى كىچىك تۇزان سۈمۈرگۈچكە ئوخشاش بولۇپ، شۇ ئارقىلىق سۇيۇق يېمەكلىكنى سۈمۈرۈپ ئوزۇقلىنىدۇ.

## ئېغىز ئاپپاراتى

هاشاراتلارنىڭ ئېغىزى ناھايىتى ئۆزگىچە بولۇپ، شەكلى خىلمۇخىل، لېكىن ھەممىسىنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى، بىر جۈپ چوڭ ئېڭىكى، بىر جۈپ كىچىك ئېڭىكى ۋە ئاستىنقى كالپۇكى بولىدۇ. ئادەتتە ئېغىز ئاپپاراتى دېيىلىدۇ.



ئالدى قانىتى قارىماققا ھەم قاتتىق ھەم قېلىن بولۇپ، روشەن قانات تومۇرلىرى يوق، غىلاپ قانات دەپ ئاتىلىدۇ.




پاشىنىڭ ئېغىز ئاپپاراتى شپىرىسقا ئوخشايدۇ.



كېپىنەكنىڭ ئېغىز ئاپپاراتى ئەگرى نەيچە شەكلىدە بولۇپ، نەرسە يېگەندە ئۇزىراپ سۈمۈرۈش نەيچىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئىشلەتمىگەندە يەنە يۆگىلىپ قالىدۇ.



ياچۇۋەكنىڭ ئېغىز ئاپپاراتى يېمەكلىكنى چاينىپ ئېزەلەيدۇ.



خارتۇملۇق قوڭغۇزنىڭ ئانتېننىسى

تېنىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى قاتتىق قاسىرقى ئۇنىڭ ئىسكىلىتى ھېسابلىنىدۇ.

قاناتتىكى سىزىقلار قانات تومۇرلىرى دېيىلىدۇ.

كەينى قانىتى بىر قەۋەت نېپىز پەردىگە ئوخشايدۇ، ئاز ساندا قانات تومۇرلىرى بولىدۇ.



سۈزۈك پەردە قانات



نۇرغۇنلىغان ئۇششاق تەڭگىچىلىرى بولغان تەڭگە قانات

www.uyghurkitap.com



## تويدا قانداق شام ئىشلىتىلىدۇ؟

ھەسەل ھەرىسى شىرنە (گۈل چىگى) يىغىپ ھەسەل چىقىرىدۇ. ئىنسانلارغا يەنە ئانا ھەرە بەدىنى، گۈل چىگى ۋە سېرىق موم قاتارلىقلارنى ياساپ بېرىدۇ، شۇڭا ئۇ شېرىنلىك ۋە مېھنەتكەشلىكنىڭ سىمۋولى. مەملىكىتىمىزدىكى لاخۇلار توي مۇراسىمىدا تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىك، بەخت-سائادەت ھەم شېرىنلىككە تولۇشىنى تىلەپ سېرىق موم (ھەرە مومى) دىن ياسالغان شام ياندۇرىدۇ.





جۇڭخۇا قارا چېكەتكىسى مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھاشارىتى

## ھاشاراتلارنى ئاسراش

ئورمانلاردىكى دەرەخلەرنىڭ كۆپلەپ كېسىلىشىگە ئەگىشىپ ھاشاراتلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يەنە تېخى ئىنسانلار بەزى ھاشاراتلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈردى ۋە ئەتكەس قىلىپ ساتتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئازىيىپ بىزنىڭ قوغدىشىمىزغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى.



ياۋروپانىڭ ئاپوللو پارناسسىئۇس كېپىنىكى «نەسلى قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ياۋايى ھايۋان-ئۆسۈملۈك تۈرلىرى خەلقئارا سودا ئەھدىنامىسى» تىزىملىكىگە ئەڭ بالدۇر كىرگۈزۈلگەن ھاشارات.

ھاشاراتلارنىڭ تولۇقسىز ھالەت ئۆزگىرىش ھاياتلىق جەريانىدا تۇخۇم، لىچىنكا ۋە يېتىلگەن ھاشاراتتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ بولىدۇ. يىڭناغۇچنىڭ ئۈچ باسقۇچى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.



تۇخۇم تۇغۇش

لىچىنكا

يېتىلگەن ھاشاراتقا ئايلىنىش

## ھالەت ئۆزگىرىش

ھاشاراتلارنىڭ تېنى ئۆسۈش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەردىن كېيىنلا ئاندىن تۇخۇم ھالىتىدىن يېتىلگەن ھاشاراتقا ئايلىنالايدۇ. بۇ جەريان ھالەت ئۆزگىرىش دېيىلىدۇ. ھالەت ئۆزگىرىش — تولۇق ھالەت ئۆزگىرىش ۋە تولۇقسىز ھالەت ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.



يېتىلگەن ھاشارات



تۇخۇم

لىچىنكا

قورچاق

ھاشاراتنىڭ تولۇق ھالەت ئۆزگىرىش ھاياتلىق جەريانىدا تۇخۇم، لىچىنكا، قورچاق ۋە يېتىلگەن ھاشاراتتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچ بولىدۇ. كېپىنەكنىڭ يېتىلىش باسقۇچى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

## ئالتە پۇت

ھاشاراتلارنىڭ ئەڭ روشەن بەدەن ئالاھىدىلىكى ئۇلاردا ئالدى، ئوتتۇرا، كەينى دەپ ئۈچ جۈپ پۇتنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ھاشاراتلارنىڭ پۇتلىرى-ماڭغۇچى پۇت، سەكرىگۈچى پۇت، تۇتقۇچ پۇت، ئۈزگۈچى پۇت ۋە گۈل چىگى يىغقۇچى پۇت دەپ بۆلىنىدۇ.



بۈرگىنىڭ كەينى پۇتى سەكرىگۈچى پۇت بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇ كەينى پۇتىغا تايىنىپ بىر سەكرەشتىلا 30 نەچچە سانتىمېتىر يىراقلىققا بارالايدۇ.



چۈمۈلىنىڭ پۇتلىرى ماڭغۇچى پۇتلار بولۇپ، ئۆمىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.



ياچمۇەكنىڭ ئالدى پۇتى بىر جۈپ باسما پىچاققىلا ئوخشاش بولۇپ، يېمەكلىك تۇتۇشقا ئىشلىتىدۇ، تۇتقۇچى پۇتقا كىرىدۇ.

## چېكەتكە ۋە تومۇزغا

چېكەتكە ۋە تومۇزغىلارنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا زىيانلىق ھاشاراتلار بولۇپ، چېكەتكە مەخسۇس زىرائەتلەرنى ۋە ئوت-چۆپلەرنى يەيدۇ. ئىنسانلار ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئوزۇقىغا زىيان سالىدۇ؛ تومۇزغا بولسا دەل-دەرەخلەرنىڭ شىرنىسىنى شوراپ دەرەخنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ ئىككى خىل ھاشاراتنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىلا 100 خىلدىن ئارتۇق تومۇزغا، 700 خىلدىن ئارتۇق چېكەتكە بار.



ئانتېننىسى يىپسىمان، نەيزىسىمان ۋە كالتەكسىمان شەكىللەردە بولىدۇ. ئۇنىڭدا پۇراش سېزىمى ۋە تېگىش سېزىمى نېرۋىلىرى بار.

چوڭ ئېڭىكى قاتتىق يېمەكلىكلەرنى چايناليايدۇ.

كىچىك كەپلەشمىسنى قانىتىدىكى تومۇر سىزىقلىرىغا سۈركەپ ئاۋاز چىقىرىش ئارقىلىق باشقا چېكەتكىلەرنى جەلپ قىلىدۇ ياكى ئاگاھلاندۇرىدۇ.



رەڭگى ئەتراپتىكى مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن بەزىدە يېشىل، بەزىدە قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.



كەينى پۇتى سەكرىگۈچ پۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ناھايىتى يىراققا سەكرەپ تېزلا قېچىپ قۇتۇلالايدۇ.



ئۇچقاندا رەڭدار قانىتىنى يېيىپ كۆشەندىسىنى قايمۇقتۇرۇپ قېچىپ كېتىدۇ.

### چېكەتكىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشى

چېكەتكىنىڭ قۇتۇلۇش ماھارىتى كۆپ. بەدەن رەڭگىنى ئەتراپتىكى تۇپراق، ئوت-چۆپلەرنىڭ رەڭگىگە ئۆزگەرتەلەيدۇ؛ كۆشەندىسىگە يولۇقسا سەكرەپ قاچىدۇ؛ يەنە رەڭدار قانىتى ئارقىلىق رەڭلىك نۇر چاقنىتىپ كۆشەندىسىنى قايمۇقتۇرالايدۇ.




### چېكەتكە

چېكەتكە تۇغۇلغاندىن يېتىلگەنگە قەدەر ئۆزلۈكسىز شەكىل ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ 5~15 نۆۋەت پوست تاشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا يېتىلگەن چېكەتكىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار قۇرۇقلۇقتا ياشايدۇ. ئۇزۇنغا ئۇچالايدۇ. كۆچكەندە توپ-توپ بولۇپ بارغانلا يېرىدە ئاسمان-زېمىنى قاپلاپ، ئوت-چۆپلەر ۋە زىرائەتلەرنى بىراقلا يەپ تۈگىتىدۇ. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



تومۇزغىنىڭ ئالدى پۇتى



## تومۇزغا

تومۇزغىنى يەنە سەرەتان قۇرتى دېيىلىدۇ. ئۇ بىرخىل قەدىمىي ھاشارات بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2.5~6 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىككى مۈرەككەپ كۆزى ئارىلىقىدا ئانچە ئۆتكۈر بولمىغان 3 دانە ئاددىي كۆزى بولىدۇ. قانىتىدىكى شالاڭ تومۇرلار ئۇنىڭ قان تومۇرلىرى ۋە ھاۋا نەيچىلىرى ھېسابلىنىدۇ.



ئۈچ دانە ئاددىي كۆزى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە ئورۇنلاشقان.

ئالدى كۆكرىكى قىسقا، كەڭ، ئوتتۇرا دۈمبە قاسىرىقى تەرەققىي قىلغان، قاتتىق. بەدەن شەكلى توم.

چىشى تومۇزغا تۇخۇمىنى دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئاستىغا سالىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ تۇپراققا كىرىپ كېتىدۇ. 3~4 يىلدىن كېيىن تۇپراقتىن چىقىپ قېپىنى تاشلاپ يېتىلگەن تومۇزغىغا ئايلىنىدۇ.

## تومۇزغا قېپى

تومۇزغىنىڭ لىچىنكىسى نىمفا (يېتىلگەن لىچىنكا) دېيىلىدۇ. نىمفانىڭ قورچاقلىقتىن چىققاندا تاشلىغان شاكىلى تومۇزغا قېپى دېيىلىدۇ، ئۇ جۇڭگو تىبابىتىدىكى بىر خىل دورا ماتېرىيالى بولۇپ، يەلنى ھەيدەپ، قىزىتمىنى ياندۇرۇش، ئىسسىق زۇكام، گال ئاغرىش، يەلتاشما، قاتما قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

چېكەتكە ۋە تومۇزغىنىڭ بىر جۈپ ئانتېننىسى ئىككى مۈرەككەپ كۆزىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئانتېننىسىنىڭ ئاساسىي بوغۇمى، غول بوغۇمى ۋە قامچا تۈك بوغۇمى بولىدۇ.



## تومۇزغىنىڭ چىرىلدىشى

ئەركەك تومۇزغىنىڭ قورساق قىسمىدا بىر ئاۋاز چىقىرىش ئاپپاراتى بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك ئاۋاز چىقىرالايدۇ. بولۇپمۇ تومۇز كۈنلىرىنىڭ چۈش ۋاقتىدا دەرەخلەردىكى توپ - توپ تومۇزغىلار بىللە چىرىلدىغاندا خۇددى سىمفونىيە ئورۇندىغاندەك بولىدۇ.



## چېكەتكە ئاپىتى ۋە چېكەتكە يوقىتىش دېگەن نېمە؟

چېكەتكىلەر توپ-توپ بولۇپ ھەرىكەتلەنگەندە زور مىقداردىكى زىرائەتلەرنى يەۋېتىپ دېھقانلار ھوسۇل ئالالماي قالىدۇ. بۇ چېكەتكە ئاپىتى دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر دائىم بىئولوگىيىلىك، خىمىيىلىك ۋە فىزىكىلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ چېكەتكە يوقىتىدۇ.



## كېپىنەك ۋە پەرۋانىلەر

كېپىنەك ۋە پەرۋانىلەر ئەڭ چىرايلىق ھاشارا‌تلار بولۇپ، تۈرلىرى ۋە سانى ناھايىتى كۆپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان. ئۇلار كۈندۈزى ھەرىكەتلىنىپ، كېچىسى يوشۇرۇنىدۇ، ياكى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يېتىلىش جەريانى ھەيران قالغۇدەك ئوخشاش: يەنى تۇخۇم سېلىش، تۇخۇمدىن لىچىنكا چىقىش، قورچاققا ئايلىنىش ۋە قورچاقتىن چىقىشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

### پايدىلىق تەڭگىچىلەر

كېپىنەك ۋە پەرۋانىلەرنىڭ تولىسىنىڭ قانىتى ئۇششاق تەڭگىچىلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بىر قەۋىتى بىر قەۋىتىنى بېسىپ ھەرخىل شەكىللەرنى تۈزىدۇ. رەڭگى كۆركەم. شۇ ئارقىلىق يات جىنسىتىكىلەرنى جەلپ قىلىدۇ ياكى دۈشمىنىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. تەڭگىچىلەر تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ياغ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېنىنى سۇدا ھۆل بولۇپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

### ئۇچالايدىغان «گۈللەر»

گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان كۈنلەردە، كېپىنەكلەرنىڭ گۈللەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گۈللەردىن گۈل شىرنىسى شوراۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككى جۈپ قانىتى گۈللەرگە ئوخشاش چىرايلىق. ئۇچۇۋاتقاندا كىشىنى گۈللەر ئۇچۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.



كېپىنەك ياكى پەرۋانىنىڭ قانىتىنى قول بىلەن سىلىغاندا پاراشوك يۇقۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇلار تەڭگىچىلەردۇر.

قانات تومۇرلىرىدا قان تومۇر، نېرۋا ۋە نەپەسلىنىش نەيچىلىرى بولىدۇ.

ئانتېنناسى تەكشۈرگۈچ بولۇپ، يول ۋە پۇراقنى پەرق ئېتىدۇ.

كېپىنەكنىڭ ئېغىز ئاپپاراتى نەيچىسىمان بولۇپ، ئادەتتە يۆگۈلۈپ تۇرىدۇ، گۈل شىرنىسى قاتارلىق سۇيۇق يېمەكلىكلەرنى شورىغاندا ناھايىتى ئۇزۇن سوزۇلالايدۇ.

ئارام ئالغاندا قاناتلىرىنى جۈپلەپ تىكلىۋالىدۇ.

كېپىنەك ئۇچۇش يۆنىلىشىنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدۇ، نىشانىنى كۆزگەندە يەنە شۇ ھامان توختاپ قونالايدۇ.

كېپىنەكلەر گۈل شىرنىسى شورىغاندا گۈللەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ گۈللەرنى چاڭلاشتۇرىدۇ.



ئادەمنىڭ نەيچىدە ئىچىملىك ئىچىشى بىلەن كېپىنەكنىڭ شوراش ئۇزۇقلىنىشىنىڭ پرىنسىپى ئوخشاش.

جاۋاب: B_C_A_D




قورچىقى چىققانغا قەدەر ئۈسسۈملۈكلەرنىڭ شاخ ۋە غوللىرىغا تەتۈرىسىچە مەھكەم ئېسىلىشىپ تۇرىدۇ.

قورچاقنى تۆكسىگەن كېيىنكى بىر يول بولۇپ، ئۇ تۈشۈكچىسى دېيىلىدۇ.

### كېپىنەكنىڭ ھايات مۇساپىسى

كېپىنەكلەر جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەركەك كېپىنەك ئۆلۈپ كېتىدۇ، چىشى كېپىنەك نۇرغۇن تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇملار يېتىلىپ لىچىنكىغا ئايلىنىدۇ، ئاندىن قورچاققا ئۆزگىرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا قورچاقتىن چىقىپ كېپىنەككە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېپىنەكنىڭ بىر نۆۋەتلىك ھايات مۇساپىسى ئاياغلىشىدۇ.




كىچىك دوستلار، رەسىمدىكى كېپىنەكنىڭ يېتىلىش جەريانىنى توغرا تۇتاشتۇرۇپ بېقىڭلار.




### يىپەك چىقىرىپ غوزەك توقۇش

پىلە قۇرتى ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە پەرۋانىدۇر. يېتىلگەن پەرۋانىگە ئايلىنىشتىن ئىلگىرى يىپەك يىپ چىقىرىپ غوزەك توقۇپ ئۆزىنى مەھكەم ئورىۋالىدۇ، چوڭايغاندىن كېيىن ئۆزى توقۇغان غوزەكنى چىشلەپ ئېچىپ چىقىپ كېتىدۇ.




پىلە قۇرتى بىرلا تال يىپەك يىپ بىلەن غوزەك توقۇيدۇ، غوزەك يىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ مېتىرغا يېتىدۇ. سەرناق، يىپەك رەخت ئىشلەشكە بولىدۇ، ئىنسانلارغا ناھايىتى پايدىلىق.

### نىقابلىنىش ئۇستىسى

پەرۋانە نىقابلىنىشتا ناھايىتى ئۇستا، ئەتراپتىكى ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈككە ئوخشاش قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كۈشەندىسىدىن قۇتۇلالايدۇ.



مۈشۈكياپىلاق قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ كىچىك قۇشلارنى قورقۇتالايدۇ.



ھەربىر ھەرە كۆنىكى ئالتە تەرەپلىك شەكىلدە بولۇپ، ئولتۇراقلىشىشتىن باشقا يەنە ئوزۇقلۇق زاپاس ساقلىنىدۇ.



ھەسەل ھەرىلىرى ھەسەل، گۈل چىڭى، ھەسەل جەۋھىرى، ھەرە يېلىمى ۋە سېرىق موم «ئىشلەپچىقىرالايدۇ».

ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ھەسەل تۇخۇمەك چېچەكنىڭ ھەسىلى بىلەن چىلان چېچىكى ھەسىلىدۇر.

ھەرە كۆنىكىنى ئىشچى ھەرىلەر سېرىق موم بىلەن ياسايدۇ. مۆلچەرلىنىشچە، ئىشچى ھەرىلەر بىر كىلوگرام سېرىق موم ئاجرىتىپ چىقىرىش ئۈچۈن 16 كىلوگرام گۈل شىرنىسى سەرپ قىلىدىكەن. بىر كىلوگرام گۈل شىرنىسى يىغىش ئۈچۈن ئىشچى ھەرىلەر 320 مىڭ كىلومېتىر ئۇچىدىكەن، بۇ يەرشارىنى 8 قېتىم ئايلانغانغا باراۋەر.



ھەرە ساندۇقى

## ھەسەل ھەرىسى ۋە چۈمۈلە

**ھەسەل ھەرىسى بىلەن چۈمۈلىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك بار. ئۇلار توپلىشىپ ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ چوڭ جەمەتىنى قۇرىدۇ. چوڭ جەمەتتە قاتتىق دەرىجە ئايرىمىسى ۋە ئىش تەقسىماتى بولىدۇ، بىر ـ بىرىگە تايىنىپ، ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىپ ئورتاق ياشايدۇ.**




### ئىشچى ھەرە

ئىشچى ھەرىلەر جىنسى ئەزاسى تولۇق يېتىلمىگەن چىشى ھەرىلەر بولۇپ، ھەرىلەر جەمەتىدە لىچىنكىلاردىن خەۋەر ئېلىش، ئۇۋا ياساش، تازىلىق قىلىش ۋە شىرنە يىغىش قاتارلىق ھەممە ئىشنى زىممىسىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئاران بىر ئايدىن كۆپرەك.



ھاۋا ئىسسىق چاغلاردا ھەرە ئۇۋىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كەتسە، ئىشچى ھەرىلەر ئۇۋىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا تۇرۇپ قاناتلىرىنى تەۋرىتىپ ھاۋا ئۆتۈشۈشنى راۋانلاشتۇرىدۇ.



ئۇچىيى نەشتىرىگە قوشۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

### نېمە ئۈچۈن ئىشچى ھەرىلەر ئادەمنى چاقىدۇ؟

ئىشچى ھەرىنىڭ قۇيرۇق قىسمىدا زەھەرلىك نەشتىرى بولۇپ، ئۇچىدا تەتۈر ئىلمىكى بولىدۇ، نەشتىرى تېنىدىكى زەھەر خالتىسىغا تۇتاشقان. ئىشچى ھەرىلەر ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا ئۇلارنى چاقىدۇ. ئادەمنى چاققاندىن كېيىن ئىشچى ھەرىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، شۇڭا ئىشچى ھەرىلەر ئەزەلدىن ئاكتىپلىق بىلەن ئادەم چاقمايدۇ.

### ئانا ھەرە

ئانا ھەرە ھەرە توپىدىكى ئورنى ئەڭ يۇقىرى چىشى ھەرە بولۇپ، دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئىشچى ھەرىلەر ئاجرىتىپ چىقارغان ھەسەل جەۋھىرىنى يەپ چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىردىن بىر ۋەزىپىسى تۇخۇم تۇغۇش، ئادەتتە 5~8 يىل ياشيالايدۇ.



ئانا ھەرە كۈنىگە 1500 ~ 3000 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ.

### ئەركەك ھەرە

ئەركەك ھەرىنىڭ چوڭ ئېڭەكى ۋە نەشتىرى بولمايدۇ، سوقۇشالمايدۇ، ئۇۋا ياساشنى بىلمەيدۇ. ئۇۋا ئىچىدە يىگى ئانا ھەرە بىلەن چېتىشىشنى ساقلايدۇ، كۈزدە يېمەكلىك يېتىشمىگەندە ئەركەك ھەرە ئىشچى ھەرىلەر تەرىپىدىن تالاغا قوغلاپ چىقىرىلىدۇ ـ دە ئۆزى يالغۇز ياشاپ ئۆلىدۇ.



ئەركەك ھەرىنىڭ ئۆمرى پەقەت 3 ئاي ئەتراپىدا.

جاۋاپ: EDA ئىشچى جۈملە B ئانا جۈملە C ئەركەك جۈملە






**ABCD لارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قاراپ ھەرقايسىسىنىڭ قايسى چۈمۈلە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.**

## چۈمۈلىنىڭ ئىش تەقسىماتى


چۈمۈلىلەرنىڭ ئېنىق ئىش تەقسىماتى بولىدۇ، چۈمۈلە پادىشاھى بىلەن چۈمۈلە خانىش ئەۋلاد كۆپەيتىشكە مەسئۇل؛ ئىشچى چۈمۈلە يېمەكلىك تېپىش، ئۇۋا ياساش، تازىلىق قىلىش، جىنسى چۈمۈلە ۋە بالا چۈمۈلىلەرنى بېقىشقا مەسئۇل؛ ئەسكەر چۈمۈلە مەخسۇس قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ.

## چۈمۈلىنىڭ يېمەكلىكى

چۈمۈلىلەر ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر ھەم ئۇلارنىڭ شىرىنلىرى، ھەسەل شەبنىمى قاتارلىقلارنى يەيدۇ. ھەتتا تۇرداشلىرىنىڭ تۇخۇملىرى ۋە لىچىنكىلىرىنىمۇ يەيدۇ. يوپۇرماق كەسكۈچى چۈمۈلە يەنە ئۆزى ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىدا قوزىقارنى (موگۇ) ئۆستۈرۈپ يەيدۇ.

## چۈمۈلىلەرنىڭ تۈرلىرى

دۇنيادا تەخمىنەن 8000 خىل چۈمۈلە بولۇپ، تروپىك بەلۋاغ رايونىدىكىلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە سانى ئەڭ كۆپ. چۈمۈلىنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى 2~25 مىللىمېتىر ئەتراپىدا. تېنىنىڭ رەڭگى سېرىق، قوڭۇر، قىزىل ياكى قارا قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. ئۇيلەردە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى سۇس سېرىق رەڭلىك پىرئەۋن چۈمۈلىسىدۇر.



ھەسەل چۈمۈلىسى ئۇزۇقلۇقنى زاپاس ساقلاش ئۈچۈن گۈل شىرنىسى كۆرسىلا ئۇلەر- تىرىلىشىگە قارىماي يەۋېرىپ، قورسىقىنى دۇپدۇگىلەك توپتەك قىلىۋېتىدۇ.



يوپۇرماق كەسكۈچى چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىدا ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىدىن پايدىلىنىپ قوزىقارنى ئۆستۈرەلەيدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى «تەبىئەتتىكى دېھقانلار» دېيىشىدۇ.



يوپۇرماق كەسكۈچى چۈمۈلە ئۆز ئېغىرلىقىدىنمۇ ئېغىر نەرسىلەرنى يۆتكىيەلەيدۇ.





## يىڭناغۇچ ۋە ياپچۇەك

يىڭناغۇچ ۋە ياپچۇەكلەرنىڭ ھەممىسى گۆشخور ھاشاراتلار، ئۇلار باشقا كىچىك تىپتىكى ھاشاراتلارنى يەپ ئىنسانلارغا ياردەملىشىپ نۇرغۇنلىغان چىۋىن، پاشا، چېكەتكە ۋە پەرۋانە قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىپ بېرىدۇ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ دوستى.

### يىڭناغۇچنىڭ سۇ چېكىشى

نۇرغۇنلىغان يىڭناغۇچلارنىڭ تۇخۇم سېلىش ئاپپاراتى يوق، كۆپىيىش پەسلىگە كەلگەندە چىشى يىڭناغۇچلار سۇ يۈزىنى سىيپاپ ئۇچۇپ، قورسىقىنى تېز سۈرئەتتە سۇغا چىلاپ تۇخۇملىرىنى سۇغا تۇغىدۇ. يىڭناغۇچنىڭ سۇ چېكىشى ئەمەلىيەتتە يىڭناغۇچنىڭ تۇخۇم سېلىشىدۇر.


توخۇم سېلىۋاتقان يىڭناغۇچ




### سۇدا ئۆسۈپ يېتىلىش

يىڭناغۇچنىڭ لىچىنكىسى سۇدا ياشايدۇ. ئاستىنقى كالپۇكى ئولجا تۇتۇش ئاپپاراتىغا ئۆزگەرگەن بولۇپ خېلى يىراقتىكى ئۆزۈرتالايدۇ. لىچىنكا ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىن، سۇ ئۆسۈملۈكلىرىگە ئۆمىلەپ چىقىپ تېرە تاشلاپ يىڭناغۇچقا ئايلىنىدۇ.


### يىڭناغۇچ

يىڭناغۇچ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، ئۇلار كەڭ. ئوچۇق جايلاردا ئۇچۇپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. گۈگۈم ۋاقتىدا ھاۋادا يېمەكلىك تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇنىڭ يېمەكلىك تۇتۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى يۇقىرى پىرسەنت.

## ياچۇەك

ياچۇەكنىڭ تەخمىنەن 1600 خىل تۈرى بولۇپ، ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى گۆشخور ھاشاراتلار قاتارىغا كىرىدۇ. قوغدىنىش رەڭگى ۋە سەۋرچانلىقىغا تايىنىپ يېمەكلىك تۇتىدۇ ھەتتا تۇرداشلىرىنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ. بەزىدە چىشى ياچۇەك چېتىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەركەك ياچۇەكنى يەۋېتىدۇ.






## ياچۇەكنىڭ نىقابلىنىشى

ياچۇەك ئۆزىنىڭ رەڭگىنى ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن ئوخشاش قىلىۋېلىپ، يوپۇرماق ياكى گۈل-چېچەكلەر ئارىسىدا قىمىرلىماي تۇرىۋالىدۇ ھەمدە پۇرسەت تېپىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھاشاراتنى تۇتۇپ يەيدۇ.




تۇخۇمنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1 ممللىمېتىر، ئادەتتە نەچچە ئون، نەچچە يۈزدىن دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

لىچىنكىسى ئۆسۈش جەريانىدا تېرە تاشلاپ تۇرىدۇ.

قورچىقنىڭ قاتتىق قېپى بولىدۇ.

قورچاقتىن چىقىش (ياز پەسلىدە 3~6 كۈندە)

قانىتى چىققان يېتىلگەن چىۋىن

## چىۋىننىڭ تولۇق ھالەت ئۆزگەرتىشى

چىۋىن قۇرۇقلۇقتا كۆپىيىدۇ. تۇغۇلغاندىن يېتىلگەن چىۋىنگىچە تۆت باسقۇچنى يەنى تۇخۇم سېلىش، لىچىنكىغا ئۆزگىرىش، قورچاققا ئايلىنىش، قورچاقتىن چىقىپ يېتىلگەن چىۋىنگە ئايلىنىشتىن ئىبارەت باسقۇچنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. چىۋىننىڭ كۆپىيىشى ناھايىتى تېز، يازدا ھەر 10 كۈندە بىر ئەۋلاد كۆپىيەلەيدۇ.



كۆكۈيۈن بىر خىل قان شورايدىغان چىۋىن



كەينى پۇتى رودىمېنتلىشىپ تەگشەككە ئۆزگەرگەن، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ.

ئالدى قانىتى تەرەققىي قىلغان، ئاساسەن ئۇچۇشقا مەسئۇل.

چىۋىننىڭ ئېغىز ئاپپاراتى يالماپ شوراش تىپىدىكى ئاپپارات.

## چىۋىن ۋە پاشا

چىۋىن ۋە پاشىلارنىڭ ھەممىسى ھاشارات، پەقەت نەرسە يېيىش شەكلى ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىكروبلارنى تارقىتىپ ئادەمنى كېسەل قىلىدۇ. چىۋىن ۋە پاشىلار ئىنسانلارغا زىيانلىق ھاشاراتلاردۇر.

### چىۋىن

چىۋىننىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، مەلۇم بولغانلىرىدىن دۇنيادا تەخمىنەن 3000 خىل تۈرى بولۇپ، جۇڭگودا تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق تۈرى بار. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى ئۆي چىۋىنى، سۇر چىۋىن ۋە كالىفورنىيە چىۋىنى.




ئۆي چىۋىنى مەزمۇت، تۈكلۈك، ئاساسەن قارا رەڭلىك، دائىم ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىدە ھەرىكەتلىنىدۇ.



كالىفورنىيە چىۋىنى چىرىگەن مېۋە-چېۋە، سېسىغان كۆكتات ۋە گەندە-تەرەتلەر ئەتراپىدا يۈرىدۇ.



سېرىق چىۋىن كالىفورنىيە چىۋىنىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئادەم گەندىسىگە تۇخۇم سالىدۇ، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدىكى ئۈچەي يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق تارقاتقۇچىسى.



بەدىنى، پۇتلىرى تۈكچىلەر بىلەن قاپلانغان، كېسەللىك مىكروبى بولغان نورغۇنلىغان پاسكىنا نەرسىلەرنى يېپىشتۇرىۋالىدۇ.

بۇرۇتچىسى ناھايىتى قىسقا، قىلتىرىق شەكىللىك.



مەززىلىك پۇراقمۇ، سېسىق پۇراقمۇ ئامراق، دائىم ئەخلەت ۋە تاماقلارنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۇچۇپ يېمەكلىك ئىزدەيدۇ.

### چىۋىن شۇنچە پاسكىنا تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن كېسەل بولمايدۇ؟

چىۋىن پاسكىنا ھەم سېسىق گەندە، چىرىگەن گۆش پارچىلىرى ۋە سۇيۇقلۇقتا ئۆزگەرگەن يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئامراق، پۈتۈن بەدىنىگە مىكروبلار يېپىشقان بولۇپ، كىشىلەرگە تولغاق، خامۇشلۇق كېسىلى قاتارلىق بىر مۇنچە كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرىدۇ. بىراق ئۆزى ئەزەلدىن كېسەل بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تېنىدە كۆپ خىل مىكروبقا قارشى ماددىلار بولۇپ، باكتېرىيە (مىكروب) لەرنى ئۆلتۈرەلەيدۇ.


جاۋاب: B




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## پاشىنىڭ يېتىلىش جەريانى

چىشى پاشا توختام سۇغا تۇخۇم سالىدۇ. تۇخۇمدىن پاشا لىچىنكىسى چىقىدۇ. پاشا لىچىنكىسى سۇدا تۈلەپ يېتىلىپ قورچاققا ئايلىنىدۇ. ئاندىن قورچاقنىڭ دۈمبە قىسمى يېرىلىپ ئىچىدىن يېتىلگەن پاشا چىقىدۇ.




پاشا يىڭنىگە ئوخشاش ئېغىز ئاپپاراتى ئادەم ياكى باشقا ھايۋانلارنىڭ تېنىگە سانجىپ قېنىنى شورايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كېسەللىك مىكروبلىرىنى يۇقتۇرىدۇ.



## پاشا

پاشا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، تەخمىنەن 3300 دىن ئارتۇق تۈرى، جۇڭگودا 350 تۈرى بار. پاشىنىڭ كۆپىيىشى سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەممىلا پاشا قان شورىۋەرمەيدۇ. قان شورايدىغانلىرى ئادەتتە چىشى پاشىلاردۇر.



بەزگەك پاشىسى



تاغىل پاشا

## تەڭپۇڭلاشتۇرۇش كالتىكى

پاشا، چىۋىنلەرنىڭ كەينى قانىتى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا دۇمباق چوكىسىغا ئوخشاش كىچىك قاپارتمىغا ئايلانغان بولۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش كالتىكى دېيىلىدۇ. ئۇ بەدىنىنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشىنى ياخشى كونترول قىلىپ بېرىدۇ. كەينىگە ئۇچۇش، يانچە ئۇچۇش، تەتۈر ئۇچۇش ھەتتا ئۇچۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز توختاپ ئۇچۇش ۋە يەرگە قونۇشلارنىڭ ھەممىسىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش كالتىكى ياردەملىشىدۇ.

چىۋىن نەرسە يېيىشتىن ئىلگىرى ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى ئاجرىتىپ چىقىرىپ قاتتىق يېمەكلىكنى ئېرىتىپ ئاندىن تۇزان سۈمۈرگۈچكە ئوخشاش ئېغىز ئاپپاراتى بىلەن سۈمۈرۈۋالىدۇ.



پاشا چىقىۋالسا قانداق قىلىش كېرەك؟



A. تاتىلاش كېرەك

B. مىكروبسىزلاپ قىچىشىشنى توختىتىش دورىسىنى سۈرۈش كېرەك.





## مۈشۈك

مۈشۈك گۆشخور هايۋان بولۇپ، ناهايىتى بۇرۇندىنلا ئىنسانلار تەرىپىدىن بېقىلىشقا باشلىغان. ياۋايى مۈشۈكلەر چاشقان، توشقان ۋە كىچىك قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۆي مۈشۈكلىرى بولسا كىشىلەر تەييارلاپ بەرگەن يېمەكلىكلەرگە ماسلىشىپ كەتكەن. ئۇلار بېلىق يېيىشكە ئامراق.


مۈشۈك ئۇلجىنى تۇتىۋالسا ئادەتتە دەرهال ئۆلتۈرۈۋەتمەيدۇ، ئالدى بىلەن بىردەم ئەخمەق قىلىپ ئوينىۋالىدۇ.

### مۈشۈكنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرى

ياۋايى مۈشۈكلەر ئومۇمەن يالغۇز ياشايدۇ. مۇستەقىللىقى ناهايىتى كۈچلۈك. ئۆي مۈشۈكى بولسا ئىگىسى بىلەن ناهايىتى يېقىن بولۇپلا قالماستىن يەنە باشقا هايۋانلار بىلەنمۇ دوستلىشالايدۇ. ئۆي مۈشۈكى قايتىدىن دالىغا قويۇۋېتىلسە ناهايىتى تېزلا دالا تۇرمۇشىغا ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ.



مۈشۈك ئۆزىدىن چوڭ هايۋانلارغا يولۇقۇپ قالسا ئادەتتە قېچىپ كېتىدۇ، لېكىن ئەگەر چېكىنىش يولى قالمىغان بولسا ئاتۇرلۇق بىلەن تىرناق ۋە چىشلىرىغا تايىنىپ ئۇرۇشىدۇ، بەزىدە چوڭ ئىتلارمۇ ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قاچىدۇ.



### مۈشۈك پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ

مۈشۈك هەر كۈنى ناهايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ بەدىنىنى تازىلايدۇ. ئۇ ئالقىنىنى شۆلگىيى بىلەن هۆل قىلىپ ئاندىن قۇلىقى ۋە كۆزىنىڭ ئەتراپلىرىنى سۈرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باش ۋە يۈزىنى تازىلاپ بولغان بولىدۇ. ئاندىن يەنە ئەپچىل تىلى بىلەن پۈتۈن بەدىنىنى بىر نۆۋەت يالاپ چىقىدۇ.

يالاپ تازىلانغان تاپانلىرى مۈشۈكنىڭ هىدىنى مېڭىپ ئۆتكەن يەرلىرىگە تارقىتىدۇ.



ئۆي مۈشۈكى ئۆگىتىلسە چوڭ داستا تەييارلاپ قويۇلغان قۇمغا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىپ ئاندىن ئۇنى كۆمۈپ قويۇشقا ئادەتلىنىدۇ.

جاۋاب: A چۈش B كەچ C ئەتىگەن

www.uyghurkitap.com




## مۈشۈكنىڭ تىرناقلىرى

مۈشۈك تىرناقلىرىنى ئەركىن ئۇزارتىپ-قىسقارتالايدۇ. ھەم تۈز يەردە تېز يۈگۈريەلەيدۇ ھەم چاققانلىق بىلەن دەرەخكە چىقالايدۇ. ئۇنىڭ تاپانلىرىدا قېلىن گۆش بولۇپ، ماڭغاندا ئاۋاز چىقارمايدۇ. دائىم دالدىغا مۆكۈپ تۇرۇپ ئولجىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ.

دەرەخ شاخلىرىدا بىمالال ماڭالايدۇ



مۈشۈك ئېگىز جايدىن يىقىلىپ چۈشسە، دەرھال بەدىنىنى رۇسلاپ يەرگە بىخەتەر ھالدا تۆت پۇتلاپ چۈشىدۇ، يارىلانمايدۇ.





## ئۆتكۈر سەزگۈ ئەزالىرى

مۈشۈك كۈندۈز ۋە كېچىنىڭ ھەممىسىدە نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى، پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر، قۇلاق ئۇچىدىكى تۈكلەر ۋە بۇرۇتلىرى ناھايىتى سەزگۈر بولغان تېگىش سېزىمى ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۈشۈكنىڭ ئولجىنى تۇتۇشىغا پايدىلىق.

بۇرۇتلىرى ۋە قۇلاق ئۇچىدىكى تۈكلىرى ئارقىلىق كامار ئېغىزىنىڭ چوڭلۇقىنى مۆلچەرلەپ كىرىشكە بولۇش-بولماسلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.



مۈشۈكنىڭ كۆز قارىچۇقى بىر كۈندە ئۈچ قېتىم ئۆزگىرىدۇ، تۆۋەندىكى ئۈچ پارچە سۈرەتنىڭ قايسى چاغدا تارتىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟

A قارىچۇقى بىر تال-تىك سىزىق ھالىتىدە



B قارىچۇقى تولۇق ئېچىلغان، يۇمىلاق



C قارىچۇقى چالا ئۇرۇقچىسىمان ئېچىلغان





ئىتلارنىڭ تەر بېزى بولمىغاچقا تىلىنى ساڭگىلىتىش ئارقىلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

## ئىت

ئەجدادلىرىمىز 10 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بەزى بۆرىلەرنى كۆندۈرۈپ ئىت قىلىپ، ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ياخشى ھەمراھىغا، ياخشى ياردەمچىسىگە ئايلاندۇرغان. ئىت سۇ ئۈزەلەيدۇ، تېز يۈگۈرەيدۇ، كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىملىرىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ناھايىتى ئەقىللىق ھايۋاندۇر.

### ئەمالار ئىتى

ئەمالار ئىتى كۆرۈش قۇۋۋىتى ناچار كىشىلەرگە سىرتقا چىققاندا يول باشلاش ۋە ئائىلىدە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۆگىتىلگەن ئىت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللانغان ۋە قاتتىق مەشىقلەندۈرۈلگەن، ئەقىللىق، مۇستەقىل پىكىر قىلىپ ھەرىكەتلىنەلەيدىغان ئىتلار ھېسابلىنىدۇ.



سىرتقا چىققاندا ئەمالار ئىتى ئىگىسىنىڭ سول يېنىغا يېپىشىپ ماڭىدۇ ھەم ئالاھىدە ياسالغان جابدۇق تاقايدۇ.

ئۇماق پىستە كۈچۈكنىڭ جۈغى كىچىك، يۈگى قىزغۇچ، قېنىق سېرىق، ئاقۇچ كۈلرەڭ ۋە ئاق قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ.





سچنائۇزېر ئىتىنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئېگىزلىكى ئوخشاش، قىياپىتى ئۆچكىگە ئوخشاپراق كېلىدۇ، تېتىك، ئۇماق.

### پادىچى ئىت

پادىچى ئىتنىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز، چىدامچانلىقىمۇ ناھايىتى يۇقىرى، چارۋىچىلارغا ياردەملىشىپ، قوي پادىلىرىنى بېقىشىپ بېرەلەيدۇ. بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايدۇ. پادىچى ئىتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئەقىللىق، تېتىك، كۆندۈرۈش ئاسان، ئىگىسىگە ئىنتايىن سادىق.



### ئائىلە ئەرمىكى

بەزى ئىتلارنىڭ جۈغى كىچىك، ئۇماق، ياۋاش، سادىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا دائىم ئەرمەك ھايۋان سۈپىتىدە ئائىلىلەردە بېقىلىپ ئائىلە ئەرمىكىگە ئايلانماقتا.



باسسېت ئىتىنىڭ بېشى چوڭ، قۇلىقىمۇ چوڭ، بەدىنى ئۇزۇن، پۇتى قىسقا. قارىماققا قايغۇلۇق قىياپەتتە كۆرۈنسىمۇ لېكىن ناھايىتى شوخ ھەم ئويۇنخۇمار.



تايغاننىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتى سائەتتە 60 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

### تايغان ( ئوۋ ئىتى )

تايغاننىڭ كۆرۈش سېزىمى تەرەققىي قىلغان، چىچەن ھەم سەۋرچان، ئىنكاسى ۋە سۈرئىتى تېز، ئولجىنى قوغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى ئوۋ ئىتى قىلىپ كۆندۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاشتا پايدىلىنىدۇ.

جاۋاب: A



### ئۆي مۇھاپىزەتچىسى

ئىتنىڭ ئۆز تەۋەلىكىنى قوغدايدىغان تۇغما تەبىئىتى بار بولۇپ، «ياتلار»نى قەتئىي يولاتمايدۇ، «ياتلار»نىڭ كىرگەننى بىلىپ قالسا قاتتىق ھاۋشىپ توختىمايدۇ. شۇڭا ھويلا-ئارامىلارنى ساقلايدىغان ياخشى «مۇھاپىزەتچى» ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



### قۇتقۇزۇش ئىتى

قۇتقۇزۇش ئىتىنىڭ پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر بولۇپلا قالماستىن بەدىنىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك، دالدىكى نىشانىنى ئۇزۇن مۇددەت چارلىيالايدۇ. دالدا يولدىن ئېزىپ قالغان ياكى خەتەرگە يولۇققان ئادەملەرنىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلالايدۇ.



قۇتقۇزۇش ئىتىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان دورا ساندۇقىغا ياردارلارنى جىددىي قۇتقۇزۇشتا زۆرۈر بۇيۇملار قاچىلانغان.

قۇتقۇزۇش ئىتى پۇراش ئارقىلىق نىشاننى تاپتى.



ئىت ئىككى مىليون خىلدىن ئارتۇق پۇراقنى پۇراپ بىلەلەيدۇ.



ساقچى ئىتى (ئاپشاركا) جىنايەتچىلەرنىڭ ئىزىغا چۈشىدۇ، زەھەرلىك بۇيۇملارنى ۋە خەتەرلىك نەرسىلەرنى تاپالايدۇ.



بىر ئىت سىزنى قوغلاپ كەلگەندە قانداق قىلىسىز ئىت سىزنى چىشلىمەيدۇ؟



A .زوگزىيىپ يالغاندىن تاش ئالغاندەك بولىۋالسىڭىز

B .تېز يۈگۈرۈپ قاچسىڭىز



C .جايىڭىزدا تۇرۇپ «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىسىڭىز

بىز دائىم خورازنىڭ ياڭراق ئاۋازىنى چىللاش دەپ ئاتايمىز. خورازلار ئەتىگەندە چىللاپ بىزگە تاڭدىن خەۋەر بېرىدۇ. كۈندۈزى چىللىغىنى بەزىدە مېكيانلارنى جەلپ قىلىش بولسا، بەزىدە باشقا خورازلارغا ھەيۋە قىلىش ئۈچۈندۇر.



خورازنىڭ تاجىسى مېكيانىڭكىدىن چوڭ، پەيلىرىمۇ مېكيانىڭكىدىن چىرايلىق.

توخۇنىڭ تۇمشۇقى ناھايىتى ئۆچلۈق، دانلاشقا ناھايىتى ماسلاشقان. توخۇنىڭ چىشى يوق، شۇڭا نەرسە يېگەندە ئاشقازىنىنىڭ ھەزىم قىلىشىغا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن ئازراق ئۇششاق تاشلارنىمۇ يەۋالىدۇ.



مېكيان ناھايىتى ھوشيار، ئەتراپتىكى ئەھۋالغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. كۆشەندىسى بولغان سار پەيدا بولۇپ قالسىلا دەرھال سىگنال بېرىدۇ.

چۈجىلەر تۇخۇمدىن چىقىشى بىلەنلا ماڭالايدۇ، ئانىسىغا ئەگىشىپ دانلايدۇ.

### توخۇ

توخۇنىڭ ئەجدادى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا تروپىك بەلۋاغ ئورمانلىرىدا ياشىغان ئىپتىدائىي توخۇ بولۇپ، ناھايىتى بۇرۇنلا كىشىلەر تەرىپىدىن بېقىلىپ ئۆي قۇشلىرىغا ئايلانغان. توخۇ توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر توخۇ يەيدىغان نەرسىنى كۆرۈپ قالسا كۆپ ھاللاردا باشقىلارنىمۇ چاقىرىپ بىللە دانلايدۇ. خوراز ھەر كۈنى ئۆز ۋاقتىدا تاڭدىن خەۋەر بېرىدۇ.

توخۇنىڭ تۇخۇم بېسىش ۋاقتى 20~ 22 كۈن.

خورازنىڭ پۇتى ناھايىتى مەزمۇت، پۇتىدا ئارقىغا قاراپ ئۆسكەن بىر تال ئۆچلۈق تىكىنى بولۇپ، دوكۇر دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ سوقۇشۇش قورالى ھېسابلىنىدۇ.

توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئوزۇقلۇقى مول، ھەر كۈنى 1~2 نى يېسە ئادەم تېنىگە ئېھتىياجلىق كالتسىي ۋە ئاقسىلنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.



ئۇرۇقلانغان تۇخۇم بەلگىلىك تېمپېراتۇرىدا چۈجە چىقىرالايدۇ.

مېكيانىنىڭ تۇخۇم مەھسۇلاتى ناھايىتى يۇقىرى، يىلىغا 200~ 300 تۇخۇم تۇغىدۇ، ھەربىر تۇخۇمىنىڭ ئېغىرلىقى 50~70 گرام كېلىدۇ.

## ئۆي قۇشلىرى

**كۆندۈرۈلگەن ئۆي قۇشلىرىدىن ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى توخۇ، ئۆردەك ۋە غاز. ئۇلار تېز يېتىلىدۇ، كۆپ تۇخۇم تۇغىدۇ. كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزنى گۆش، تۇخۇمدىن ئىبارەت مول قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ.**

ياپىلاق-كەڭ تۇمشۇقى بىلەن قولۇلە قاتارلىقلارنى ئوڭاي يېيەلەيدۇ.



ئۆردەك بەدىنىدىكى پەيلەرنى تاراشنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەمدە قۇيرۇقىدىكى مايىنى بەدىنىگە سۈركەيدۇ. شۇنداق قىلغاندا پەيلىرى سۇدا ھۆل بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئۆردەكلەر تۇغما سۇ ئۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، لېكىن ئۆي ئۆردىكى ئۆزى تۇخۇم بېسىشنى بىلمەيدۇ، شۇڭا تۇخۇمنى توخۇغا باستۇرۇشقا ياكى سۈنئىي ئۇسۇلدا بېسىپ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. تۇخۇم بېسىلىش ۋاقتى 26~28 كۈن.

### تۇخۇم بېسىش مەزگىلى

توخۇ، ئۆردەك غازلارنىڭ تۇخۇم بېسىش مەزگىلىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقى ئوخشىمايدۇ، توخۇنىڭ 20~22 كۈن، ئۆردەكنىڭ 26~28 كۈن، غازنىڭ 34 كۈن بولىدۇ.

## غاز

ئۆي غازلىرى كۆك غاز ۋە ياۋا غازدىن شالغۇتلاشتۇرۇلغان. كۆك غاز ياۋروپا غېزىنىڭ ئەجدادى. ياۋا غاز بولسا جۇڭگو غېزىنىڭ ئەجدادى. ئۆي غېزىدا ئەجدادلىرىنىڭ ياشاش ئادىتى ساقلىنىپ قالغان. ئارام ئالغاندا قاراۋۇل قويىدۇ. ئەھۋال بايقالسىلا دەرھال سىگنال بېرىدۇ. غازلار ناھايىتى ئۇرۇشقاق، ھەتتا ئادەمنى چىشلەشكىمۇ پېتىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى مۇھاپىزەت قىلالايدۇ.




ئەركەك غازنىڭ بېشىدىكى گۆش ئۆسمىسى چوڭراق، چىشى غازنىڭ گۆش ئۆسمىسى ياپىلاق، روشەن ئەمەس.

### قۇش زۇكمى دېگەن نېمە؟

قۇش زۇكمى — قۇش زۇكمى ۋىرۇسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك. ئۇنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى تېز، يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئاساسلىقى توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىق قۇشلاردا بولىدۇ. ئادەم قۇش زۇكمى ۋىرۇسى بىلەن ئۇچراشسا يۇقۇملىنىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن، ئېغىر بولغاندا ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.


**مياۋمياۋ توخۇ، ئۆردەك ۋە غاز چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا بويىدا ئويناپتۇ. ھاۋا ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن كۆرۈپ ئۇلارنى دەرياغا قوغلاپتۇ، لېكىن بۇ ئۈچىسىنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى سۇغا چۈشمەپتۇ. ئۇنىڭ قايسىلىقىنى بىلەمسىز؟**



## ئۆردەك

ئۆردەك ياۋا ئۆردەكلەر ئىچىدىكى يېشىل باش ئۆردەكنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ئۇ تۇغما سۇ ئۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. لېكىن ناھايىتى قورقۇنچاق، توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاساسلىقى لۆم-لۆم قۇرتلار، قۇلۇلە-سەدەپلەر ۋە كىچىك قىسقۇچپاقا قاتارلىقلارنى يەيدۇ.

يېشىل باش ئۆردەك ئۆي ئۆردىكىنىڭ ئەجدادى بولۇپ، سۇ ئۈزەلەيدۇ ھەم ئۇچالايدۇ، ھەر يىلى جەنۇب تەرەپلەردە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا يەنە شىمال تەرەپكە كېلىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. ھەر ئۇۋىغا 8 ~ 11 نى تۇغىدۇ.



ئەركەك يېشىل باش ئۆردەكنىڭ باش ۋە بوينىدىكى قىسقا پەيلىك قىسمى مېتالدەك يالتىراق، بوينىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چەمبىرەكسىمان ئاق سىزىقى بار، قانىتىدىكى پەيلىرىمۇ كۆكۈش بىنەپشە رەڭ يالتىرايدۇ.

دەريا-ئۆستەڭ پاكى سازلىق رايونلاردا ياشايدۇ. ئاساسىي يېمەكلىكى ئۆسۈملۈك.

ئۆردەكنىڭ پەنجىلىرىنى بىر قەۋەت پەرە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇرۇش پەردىسى دېيىلىدۇ. سۇدا ئۈزگەندە پالاقنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

غازنىڭ 3 ~ 5 ياش ئىچىدە تۇخۇم تۇغۇش مىقدارى يىلسېرى ئېشىپ بارىدۇ. ھەر يىلقى تۇخۇم مىقدارى 100 گە يېتىدۇ. ھەر بىر تۇخۇمنىڭ ئېغىرلىقى 150 ~ 200 گرام كېلىدۇ.

غاز ئۆردەككە سەل ئوخشايدۇ، لېكىن ئۆردەكتىن چوڭ.



# ئات

ئات 9000 يىللار ئىلگىرىلا ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆندۈرۈلگەن. ئۇ سادىق، يۇگۇرۈك، ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ياخشى دوستى. هازىر دۇنيادا پىرژىۋالىسكى ياۋا ئىتىدىن باشقا ئاتلارنىڭ هەممىسى كۆندۈرۈلگەن ئاتلاردۇر.

## ئاتنىڭ هاياتلىق دەۋرى

ئات تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانىسىنى ئېمىدۇ، 6 ئايدىن كېيىن ئوت ـ چۆپ يېيىشكە باشلايدۇ. 3~5 يېشىدا قورامىغا يېتىپ چېتىشىپ، نەسىل قالدۇرۇشقا باشلايدۇ. 23 ياشقا كىرگەندىمۇ كۆپىيىش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئاتنىڭ بوغازلىق مەزگىلى 11~12 ئاي بولىدۇ.



6 ئايغا توشمىغان تاي




5 ياشتىن ئاشقان ئاتلار يات جىنسلار بىلەن چېتىشالايدۇ.





ئۈچ ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان ئاتلار ئىنسانلارغا خىزمەت قىلالايدۇ، ئۇزۇن بولغاندا 20 يېشىغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.




ئات 30~35 ياشقىچە ياشايدۇ

## قۇلىقى سۆزلىيەلەيدۇ

ئاتنىڭ قۇلىقى ئىنتايىن سەزگۈر، خالىغان تەرەپكە ئايلىنالايدۇ. ئۇ ئاتنىڭ شادلىقى، غەزەپ ـ نەپرىتى، قايغۇسى ۋە خاتىرجەملىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇهىم ئەزاسى. ئات قۇلىقىنىڭ هەربىر هەرىكىتى بىر خىل كەيپىياتنى ئىپادىلەيدۇ، ئات قۇلىقىنى كۆزەتسەك ئاتنىڭ كەيپىياتىنى بىلەلەيمىز.





ئات خۇشال بولسا قۇلاقلىرى
ىنى دىككىيدۇ.



قۇلىقىنىڭ بىرى ئارقىغا بىرى ئالدىغا قارىسا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.



قۇلىقى ئارقىغا يېتىۋالسا هۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.



قۇلىقى ئالدىغا قارىسا ناهايىتى قىزىقىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.



## ئاتقا «كەش» كىيگۈزۈش

ئاتنىڭ تۇيىقى چىپىش جەريانىدا ئاسان تۇيۇلۇپ كېتىپ، چىپىش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئات تۇيىقىنى ياخشى ئاسراش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ياخشى كەش — تاقا تاقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

تاقا تاقلاشنىڭ باسقۇچلىرى:

①ئادەمنى زەخىملەندۈرۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئات تاقلاشتىن ئىلگىرى مۇقىملاشتۇرۇپ باغلىنىدۇ؛
②تۇيىقى قىرىپ تەكشىلىنىدۇ؛
③تۇياق شەكلى ۋە چوڭلۇقى ئۆلچىنىدۇ؛
④تاقا مىخلىنىدۇ.

## ئات مىنگۈچىنى پەرق ئېتەلەيدۇ

ئاتنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، مىنگۈچىنىڭ ئۇستا ياكى نائۇستا ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئاتنى مىنىشتىن ئىلگىرى بويلىرىنى سىلاپ، ئاتلاپ، ئات سىزنىڭ تۇرقىڭىز ۋە ھىدىڭىز بىلەن تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن مىنسىڭىز ئۇ سىزگە كۆنىدۇ. ھەتتا بىر ئۆمۈر سىزگە بويسۇنىدۇ. لېكىن سىز ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي قالسىڭىز ئۇ قەستەن سىزگە بويسۇنماي ئېتىشىۋېتىشىمۇ مۇمكىن.



ئاتنىڭ سول تەرىپىدىن مىنسىڭىز ئات تېپىۋەتمەيدۇ.



C.ھويلا - ئارامنى مۇھاپىزەت قىلىش


B.بەيگە

بۇ بەش سۈرەتتىن ئات قىلىشقا ماس كەلمەيدىغىنىنى تاللاڭ؟

A.جەڭ قىلىش

D.ھارۋا تارتىش

E.يەر ھەيدەش



ئاتنىڭ قۇيرۇقى پاشا - چىۋىن ۋە كۆكۈيۈنلەرنى قورىدۇ.

ئات تۇرغاندا، ماڭغاندا ياكى چاپقاندا پۇتىنىڭ ئۈچى يەرگە تېگىدۇ. شۇڭا ئات يۈگۈرگەندە تۇياقنىڭ يەرنى تېپىشى غايەت زور ئەكس تەسىر كۈچىنى ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە بىغىش (ئۇشۇق بوغۇمى) ئارقىلىق پۇتلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئات سائەتكە 70 كىلومېتىر يۈگۈرەيەلەيدۇ.

# كالا

كالا ئىنسانلارنىڭ كونا دوستى بولۇپ، ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا كالىنى كۆندۈرۈپ، بىز ئۈچۈن يەر ھەيدەپ، يەر تېرىيدىغان، بىزنى گۆش ۋە سۈت بىلەن تەمىنلەيدىغان قىلغان.



سۈت سېغىش

كالا سۈتىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، ئۇنىڭدىن يەنە قېتىق ۋە ھەرخىل سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەشكە بولىدۇ.

## كالىنىڭ تۆھپىسى

كالا يەر ھەيدەيدۇ، ھارۋا تارتىدۇ، كىشىلەرنى يەنە گۆش، سۈت ۋە تېرە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىر كالا بىر يىلدا بىرنەچچە مىڭ لىتىر، كۆپ بولغاندا 10 مىڭ لىتىردىن ئارتۇق سۈت بېرىدۇ. بۇ ئوتتۇز-قىرىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندە ئىچىشكە يېتىدۇ.

## سۇ كالىسى

سۇ كالىسى ناھايىتى بەستلىك، كۈچلۈك، لېكىن ياۋاش، ئىشقا سېلىش ئاسان. مۈڭگۈزى يوغان، تېرىسى قېلىن، يۇڭى ئاز، سۇغا چىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. سۇ كالىسى يەر ھەيدىيەلەيدۇ، ھارۋىغا قوشقىلى بولىدۇ، سۈتىمۇ كۆپ.



كۆلچەكتە يۇيۇنۇۋاتقان سۇ كالىسى



ئوت-چۆپنىڭ كالا تېنىدىكى سەپىرى: ئېغىز ← چوڭ قېرىن ← تور قېرىن ← ئېغىز ← چوڭ قېرىن ← قات قېرىن (توققۇز تونلۇق) ← شىردان (ساقىنچاق) ← ئۈچەي ← مەقئەت ← سىرتىغا چىقىرىۋېتىلىدۇ.



كالا غالجىرلىق كېسىلى قوي، توخۇ ۋە ئادەملەرگە يۇقىدۇ، شۇڭا غالجىر كالىنى ئايرىۋېتىش، سويىۋېتىش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىش لازىم.

كالا غالجىرلىق كېسىلىنىڭ قىسقىچە نامى BSE بولۇپ، تولىراق 4 ياش ئەتراپىدىكى يېتىلگەن كالىلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كالىدا نېرۋىسى قالايمىقانلىشىش، گالۋاڭلىق، بىئاراملىق قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئېغىر دەرىجىدە ئورۇقلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## كالىلارنىڭ تۆت ئاشقازىنى بار



كالا كۈشەيدىغان ھايۋان بولۇپ، 4 ئاشقازىنى بار، نەرسە يېگەندە ئوت-چۆپنى چوڭ قېرىنغا يۇتىدۇ، بىرىك ئوت-چۆپلەر چوڭ قېرىندا مىكرو ئورگانىزملار تەرىپىدىن ئېچىتىلىدۇ. كالا مۇۋاپىق بىر پەيتنى تاپسىلا چوڭ قېرىندىكى ئوت-چۆپنى قۇسۇپ ئاغزىدا يۇمشاق چاينىغاندىن كېيىن، قايتىدىن يۇتۇپ ھەزىم قىلىدۇ.

جاۋاب: D

كۆشەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى نېمە؟

A. كۆكتات، مېۋە - چېۋە



B. چاشقان



C. ھاشارات



D. ئوت - چۆپ





بەزى تاغلىق رايونلاردا ھازىرمۇ كالا بىلەن يەر ئاغدۇرىدۇ.




كالا ناھايىتى كۆنۈك ھايۋان بولۇپ، چىدامچانلىقنىڭ سىمۋولى.

## ئۆركەشلىك كالا

ئۆركەشلىك كالا ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ تروپىك بەلۋاغ رايونلىرىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ تېرىسى ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ، ھاشاراتلارنى قوغلايدىغان ئالاھىدە بىر خىل سېسىق پۇراق ھاسىل قىلالايدۇ. ھىندىستاندا ئۆركەشلىك كالا ئىلاھ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا شەھەر كوچىلىرىدا ئۆركەشلىك كالىلارنىڭ بىمالال مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

گەجگىسىدە روشەن بىر ئۆسمىسىمان دوقىسى (ئۆركىشى) بولىدۇ.




ئۆركەشلىك كالا ئىسسىققا چىداملىق، ئىنتايىن ياۋاش.

## يەرلىك كالا

يەرلىك كالا ئەڭ كۆپ بېقىلىدىغان كالا بولۇپ، يۈڭى سېرىق، قىزغۇچ قوڭۇر، ئاق، قارا، قارا-ئاق ئالا قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. ئىشلىتىلىشكە قاراپ سۈت كالىسى، گۆش كالىسى ۋە گۆش ئېلىنىدىغان قوشۇمچە ئەمگەككە سېلىنىدىغان كالا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

### كالا ئاشقازىنىنىڭ ئاناتومىيىلىك رەسمى




پاخپىيىپ ساڭگىلاپ تۇرىدىغان يىرىك ھەم ئۇزۇن يۇڭلىرى سوغۇققا تاقابىل تۇرالايدۇ.

قوتازنىڭ يۇڭىدىن يىپ ئېگىرىشكە، ئارغامچا ئېشىشكە بولىدۇ.



قوتاز سۈتىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، سېرىق ماي ئېلىشقا بولىدۇ.



ئېگىزلىكتىكى سوغۇق جايلاردا ياشايدىغان قوتاز پاكار ئەمما كۈچلۈك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يۈك توشۇش ۋە تېرىلغۇ ئىشلىرىدىكى ئەڭ يارامىلىق ئۇلىقى ھېسابلىنىدۇ. «ئېگىزلىك كېمىسى» دەپ نام ئالغان.



ئورغاقتەك ئەگرى مۈڭگۈزى

يۇڭى تۈز ھەم يىرىكرەك

قويرۇقى قىسقا ھەم دىڭگىيىپ تۇرىدۇ

ساقىلى بار

## قوي ۋە ئۆچكە

قــوي ۋە ئۆچكــە ئاچــا تۇياقلىــق ئوتخــور ھايۋانلار بولۇپ، تېــز يۈگۈرۈيەلەيدۇ، ھەم يىراققا ســەكرىيەلەيدۇ. ئۇلار ناھايىتى ياۋاش، ئىنســانلار خېلــى بۇرۇنلا ئۇلارنــى كۆندۈرۈپ گۆش، ســۈت ۋە يۇڭ - تېرىلىرىدىن پايدىلانغان.

قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن تاغ ئۆچكىســى (تاغ تېكىسى)، بۆكەن، ئارقار قاتارلىقلار بار.



كەينــدە ئىككــى كىچىك بارمىقى بار

قــوي ۋە ئۆچكىنىــڭ ئىككى كىچىك، ئىككى چوڭ جەمئىي تۆت بارمىقى (تۇيىقى) بولىدۇ.

ئالدىــدا ئىككــى چوڭ بارمىقى بار

ئۆچكىنىڭ ســۈتىنىڭ ماي تەركىبى يۇقىرى، ئــادەم تېنىگــە كالا ســۈتىدىنمۇ ئاســان سىڭىدۇ.

ئۆچكە تىك قىياتاشلارغا ئوڭايلا چىقالايدۇ.

### شوخ - چىچەن ئۆچكە

ئۆچكە شــوخ - چاققان بولۇپ، ئېگىزلىككە چىقىشــنى ياخشى كۆرىــدۇ، پاكار ئوت - چۆپ ۋە چاتقاللار، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ھەم ئوت يىلتىزىنــى يافتۇرۇپ يەيدۇ. ئۆچكىنىڭ ماسلىشىــش ئىقتىدارى قويىنىڭكىدىن كۈچلۈك، ئۇســۇملۇكلەر كەمچىل، قۇرغاق ئۇنۇمسىز يەرلەردىمۇ بېقىشقا بولىدۇ.




زور كۆپچىلىــك بۆكەنلەرنىڭ ئەركەك - چىشــى ئىككىلىسىدە مۈڭگۈز بولىدۇ.



### بۆكەنلەرنىڭ چوڭ جەمەتى

بۆكەننىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. مەشھۇرلىرىدىن ئاسىيادىكى قاڭشــارلىق بۆكەن، تىبەت بۆكىنى، ئەرەب چوڭ بۆكىنى، ئافرىقىدىكى ئالاچىپار بۆكەن، ئائىتدوركاس بۆكىنى، ســۇ بۆكىنى، ئاھۇ ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئاچماق مۈڭگۈزلۈك بۆكــەن قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ تولىسى كەڭ تۈزلەڭلىك ياكى تاغلىق يەرلەردە ياشايدۇ، دائىم توپلىشىپ ھەرىكەتلىنىدۇ.





بۆكەنىنىــڭ قاڭقىپ ســەكرەش كۈچى ئىنتايىن ياخشى، يۈگۈرۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز.



## كۆكمەت ( توروق تېكە )

كۆكمەتلەر بىر ياكى بىر قانچە تېكىنىڭ يولباشچىلىقىدا تاغلىق جايلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ قىيالارغا ئەپچىللىك بىلەن يامشىلايدۇ، ئوت-چۆپ، كىچىك چاتقال ۋە موخلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئوتلاۋاتقاندا دائىم بىر تېكە ئېگىز جايدا قاراۋۇللۇق قىلىدۇ. خەتەر سېزىلسىلا ئېگىز تاغ-قىيالارغا قاراپ يۈگۈرىدۇ.

تاغ ئۆچكىسىنىڭ تۇياقلىرى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، تاغلىق يەرلەردە مېڭىشقا ماسلاشقان.




يېتىلگەن ئارقارنىڭ مۈڭگۈزى يوغان ھەم ئەگرى، مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچى سىرتقا قاراپ ئايلىنىپ ئۆسىدۇ.

## ئارقارنىڭ مۈڭگۈزى

چىشى ئارقارنىڭ مۈڭگۈزى يوق. ئەركەك ئارقارنىڭ تۇغۇلغاندىلا مۈڭگۈزى بار بولۇپ، كېيىن داۋاملىق ئۆسىدۇ. ئاسىيادىكى پامىر ئارقارنىڭ تېنى ئەڭ چوڭ، مۈڭگۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 108 مېتىردىن ئاشىدۇ.

ئىنسانلار ناھايىتى بۇرۇندىنلا قوي تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ سوغۇقتىن ساقلانغان. كېيىن قوي يۇڭىدىن يىپ ئېگىرىپ رەخت توقۇشنى ئۆگەنگەن. ئىنچىكە ئۇزۇن قوي يۇڭىدىن يۇڭ يىپ ئېگىرىشكە، قىسقا ئىنچىكە يۇڭىدىن رەخت توقۇشقا، يىرىك قوي يۇڭىدىن گىلەم توقۇشقا، كىگىز-شىرداقلارنى بېسىشقا بولىدۇ.



قوي يۇڭى ئومۇمەن يىلدا بىر قېتىم قىرقىلىدۇ.



قوي يۇڭىدا توقۇلغان پەلەي



قوچقارنىڭ يۆگىمەچ (بۇرمىسىمان) مۈڭگۈزى بولىدۇ.

## ياۋاش جانىۋار — قوي

قوينىڭ ھەم ئۇزۇن ھەم قويۇق يۇڭلىرى بولىدۇ. قارىماققا ناھايىتى سېمىز كۆرۈنىدۇ. قوينىڭ كالپۇكلىرى نېپىز ھەم ئەپچىل بولۇپ، قىسقا ئوت-چۆپلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قويلار توپ-توپ بولۇپ ياشايدۇ، چوڭ بىر پادىدا بىر نەچچە مىڭ قوي بولۇپ، بىر قوچقار يولباشچى بولىدۇ. قوي ئادەتتە ئاجىز ۋە يۇمشاق قولاق كىشىلەرنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ.



قۇلىقى ناھايىتى ئۇزۇن، ئەپچىل ئايلىنالايدۇ.

تاپىنىدا يۇڭگى بار، تەر بېزى يوق.

## توشقان

توشقان ئۆي توشقىنى ۋە ياۋا توشقان دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. توشقان تېز يۈگۈرەيدۇ ھەم سەكرىيەلەيدۇ، ئوت-چۆپنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. توشقاننىڭ يېمەكلىك يېيىش ئۇسۇلى تولىمۇ ئۆزگىچە، يېمەكلىكنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن تەركىبىدە زور مىقداردا ۋىتامىنلار بولغان ماياقلىرىنى چىقىرىدۇ، ئاندىن ئۇنى يەپ تەركىبىدىكى ۋىتامىنلارنى ھەزىم قىلىۋالغاندىن كېيىن ھەقىقىي ماياقلىرىنى چىقىرىۋېتىدۇ.



ياۋا توشقاننىڭ ئالدى پۇتى ئادەتتىكى ئۆي توشقىنىنىڭكىدىن ئۇزۇن، ئارقا پۇتى ئۇزۇن ھەم كۈچلۈك بولۇپ، بىر سەكرەپلا 6 مېتىر يىراقلىققا بارالايدۇ.


### زېرەك توشقان

توشقاننىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سېزىمى ئۆتكۈر، ئىنتايىن ھوشيار. شەپە بولسىلا شۇئان قېچىپ كېتىدۇ. يۈگۈرۈش جەريانىدا يەنە تۇيۇقسىزلا يۆنىلىش ئۆزگەرتەلەيدۇ. شۇڭا بەزىدە لاچىن-قارچىغىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ.

چوڭ قۇلىقىدا نەچچە يۈز تال ئىنچىكە قان تومۇرلىرى بولۇپ، ئىسسىقلىق تارقىتىپ بەدەن ھارارىتىنى تەڭشەلىتەلەيدۇ.



قىشتىكى تۇندرا توشقىنى



يازدىكى تۇندرا توشقىنى



توشقاننىڭ كۆرەك چىشى توختىماي ئۆسىدۇ، خۇددى پىچاققا ئوخشايدۇ، كۆك ئوت يېسە ناھايىتى تېز چاينايدۇ.

تۇرۇپ، يېسىۋىلەك قاتارلىقلارنى يېيىشكە ئامراق.

### رەڭ ئۆزگەرتەلەيدىغان ئاق توشقان

ئاق توشقان ( تۇندرا توشقىنى ) شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدۇ. ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن يۇڭىنىڭ رەڭگىنى ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن بىردەك قىلىشقا تىرىشىدۇ. يازدا قوڭۇر، قىشتا ئاق رەڭگە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.



توشقان كۆزىنىڭ رەڭگى يۇڭىنىڭ رەڭگىگە مۇناسىۋەتلىك. قارا توشقاننىڭ كۆزى قارا، كۈلرەڭ توشقاننىڭ كۆزى كۈلرەڭ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com




### قوۋ توشقاننىڭ ئۇۋىسى كۆپ

ياۋا توشقان ناھايىتى ئەقىللىق، كولىغان ئۇۋىسىنىڭ نۇرغۇن تۆشۈكى بولىدۇ، كامار بىلەن كامار تۇرۇبىسىمان يوللار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. بىر تۆشۈكتىن كىرىپ يەنە بىر تۆشۈكتىن چىقىپ دۈشمەننى ئاداشتۇرۇۋېتەلەيدۇ.



ئاق توشقاننىڭ كۆزى ئەسلى رەڭسىز، كۆز ئالمىسىدا قان تومۇرلاردىكى قاننىڭ رەڭگى ئەكس ئەتكەچكە قىزىل كۆرۈنىدۇ.



B.توشقان تاشپاقىدىن تېز يۈگۈرەلەيمەن دەپ قاراپ، يېرىم يولدا ئويۇنغا كىرىشىپ كېتىپتۇ



A.توشقان بىلەن تاشپاقا يۈگۈرۈشتە بەسلەشمەكچى بوپتۇ.



**«تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ مۇسابىقىلىشىشى» دېگەن مەسەل بىر ھەقىقەتنى يەنى رەقىبىڭگە سەل قارىما، مەغرۇرلانما، بولمىسا مەغلۇپ بولىسەن دېگەننى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.**



C.تاشپاقا باشتىن ئاخىر بوشاشماي ئالغا قاراپ يۈگۈرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرقى نۇقتىغا بېرىپ بولغاندا ئاندىن توشقان يېتىشىپ كەپتۇ.

### توشقان كۆپ تۇغىدۇ

توشقاننىڭ ئۇچلۇق چىشى، ئۆتكۈر تىرناقلىرى يوق. نۇرغۇنلىغان گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئوۋلاش ئوبيېكتى بولۇپ، دائىم كۆپلەپ ئۆلىدۇ. شۇڭا توشقاننىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى. كۆپ تۇغۇپ يېتەرلىك ئەۋلادىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

جۇڭگو 2000 يىلدىن ئارتۇق توشقان بېقىش تارىخىغا ئىگە.

قورامىغا يەتكەن بىر چىشى توشقان يىلىغا 30نى تۇغالايدۇ.



توشقاننى قوچاققا ئالماقچى بولغاندا بويىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تېرىسىدىن تۇتۇش، ئاستى تەرىپىدىن ئارقا پۇتىنى تىرەپ ئېلىش كېرەك.

### مۇستەقىل ئوزۇقلۇق تۇتۇش

نورغۇنلىغان ھايۋانلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يالغۇز يېمەكلىك ئوۋلايدۇ. يالغۇز ئوۋلاشنىڭ كۆپ خىل ئۇسۇللىرى بار، مەسىلەن، تېز يۈگۈرۈپ قوغلاپ تۇتۇش، پۇرسەت تېپىپ ھۇجۇم قىلىش، ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرۈش قاتارلىقلار.



يىرتقۇچ شىر ئۆزىدىنمۇ چوڭ ھايۋانلارنى يالغۇز تۇتۇپ يېيەلەيدۇ.




شىرنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى ئولجىسىنىڭ سۆڭەكلىرىنى چايناپ ئېزىۋېتەلەيدۇ.

## تۇتۇپ يېيىش ۋە قوغدىنىش

تەبىئەتتە ھايۋانلار ھايۋانلارنى ياكى ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا تۇتۇپ يېيىشتۇر. تۇتۇپ يېيىلگۈچى ھايۋانلار باشقا ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇقى بولۇپ كېتىش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ، بۇ قوغدىنىش دېيىلىدۇ. تۇتۇپ يېيىش بىلەن قوغدىنىش ھايۋانلارنىڭ ياشىشىدىكى تۇغما قابىلىيەت.

ھەمراھلىرى گنۇنىڭ دىققىتىنى تارتقاندا پۇرسەت تېپىپ ھۇجۇم قىلىدۇ.





گنۇ مۈڭگۈزى بىلەن ھەيۋە قىلىپ، سىرتلاننى چېكىندۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا.

چىپار سىرتلان ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ جۈرئەتلىك، ئەڭ ۋەھشىي سىرتلان ھېسابلىنىدۇ

**چىپار سىرتلارنىڭ گنۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى**

### شېرىكلىشىپ ئوزۇقلۇق تۇتۇش

گۆشخور ھايۋانلار ئۆزىدىن چوڭ ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېيىش ۋاقتىدا كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار سەردارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەمكارلىشىپ ئاخىرىدا ئولجىسىدىن بىرلىكتە بەھرىلىنىدۇ.

جاۋاب: ئىچكى ئەزالىرىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ قاچىدۇ



پاتمىچۇق جىددىي پەيتتە قۇيرۇقىنى ئۈزۈۋېتىپ قاچىدۇ. قۇيرۇقى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ.



## قوغدىنىش «ساۋۇت»ى

تاشپاقىنىڭ چېنى پولات، ھەرىكىتى ئاستا. شۇڭا دۈشمەندىن قوغدىنىش ئۈچۈن، دۈمبە ۋە قورساق قىسمىغا قاتتىق قاپ ئۆسۈپ چىققان. خەتەرگە يولۇققاندىلا دەرھال قىنىغا كىرىۋالىدۇ.



تاشپاقا قېپى ناھايىتى قاتتىق، ئادەتتە گۆشخور ھايۋانلار تاشپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى ھەزىم قىلىش تەسلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنى يېمەيدۇ.

تاشپاقا كۆشەندىسىگە ئۇچرىغاندا ئېتىشى قېپىغا كىرگۈزىۋالىدۇ.

## ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈپ قۇتۇلۇش

بەزى ھايۋانلار دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا قۇيرۇقى ياكى پۇتىنى ئۈزۈۋېتىپ ۋە ياكى ئىچكى ئەزالىرىنى مەقسەتلىك پۈركۈپ چىقىرىۋېتىپ ھۇجۇم قىلغۇچىنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىش ئارقىلىق قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كېسىپ قالغان قىسمى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قايتىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ.

## ئاكتىپ مۇداپىئەلىنىش

بەزى ھايۋانلار كۆشەندىسىگە يولۇققاندا تېز سۈرئەتتە قېچىپ كەتكەندىن باشقا يەنە ئاكتىپ قارشىلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە. مەسىلەن، بەزىلىرى قاتتىق ۋە ئۇچلۇق مۈڭگۈزى ياكى زەھەر ھەم ئۇزۇن تىكەنلىرى بىلەن ئۆزىنى قوغداپ دۈشمىنىگە زەربە بېرىدۇ.





كەركىداننىڭ مۈڭگۈزى گۆشخور ھايۋانلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى كۈچلۈك قورالى



جەيرەنىڭ پۈتۈن تېنى ئۆتكۈر تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، دۈشمىنى چىشلىيەلمەيدۇ.

ئارقىدىكى چىپار سىرتلان خىرىس قىلغىنىچە ھەر ۋاقىت ئېتىلىپ بېرىپ گىنۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە تەييار تۇرماقتا.

ھەمراھلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىش ئۈچۈن گىنۇنىڭ دىققىتىنى بۇراشقا تىرىشماقتا.

## تىرىپاڭگا خەتەرگە يولۇققاندا قانداق قۇتۇلىدۇ؟

تىرىپاڭگا ئىچكى ئەزالىرىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ بېلىقنىڭ دىققىتىنى بۇراپ قېچىپ كېتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

## نىقابلىنىش

نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ كۆشەندىسى بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىنى قوغداش ياكى ئولجىسىنى تۇتۇپ يېيىش ئۈچۈن قوغدىنىش رەڭگى، يوشۇرۇنۇش رەڭگى ۋە تۇسداشلىق قاتارلىق نىقابلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ئۆزىنى نىقابلاش ئارقىلىق دۈشمىنىنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ.



بېزىگۈچى قىسقۇچپاقا ئۆزىنى دېڭىز ئوتلىرى، كىچىك دېڭىز بۇلۇتلىرى بىلەن بېزەپ نىقابلىنىدۇ.

### قوغدىنىش رەڭگى

تۇتۇپ يېيىلگۈچى ھايۋانلارنىڭ رەڭگى مۇھىت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاسان بايقىغىلى بولمايدۇ. پاكى بۇ رەڭ كۆشەندىسىنىڭ تۇتۇپ يېيىشىگە كاشىلا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق رەڭ قوغدىنىش رەڭگى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، زېبرانىڭ بەدىنىدىكى تاغىل سىزىقلار كۆشەندىسىنىڭ كۆزىنى ئىمىر- چىمىر قىلىپ پەرق ئېتەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

زېبرانىڭ ئاق- قارا سىزىقلىرى ناھايىتى روشەن، بىر توپ زېبرالار يۈگۈرۈۋاتقان چاغدا دۈشمىنى نىشانىنى پەرق قىلالماي قايسىسىنى تۇتۇشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

ھەربىر زېبرانىڭ تاغىل سىزىقلىرى خۇددى ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىغا ئوخشاش پەرقلىق بولىدۇ.





### زېبرالار نېمە ئۈچۈن دائىم زىراپىلەر بىلەن بىللە ئوتلاشنى ياخشى كۆرىدۇ؟

زىراپىنىڭ بويى ئېگىز، يىراقنى كۆرەلەيدۇ، دۈشمەن ئەھۋالىنى ھەمىشە ۋاقتىدا بايقاپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ دەل زېبرالار ئۈچۈن خەۋەر يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ-دە زېبرالارمۇ ئۈگۈشلۈق قېچىپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا زېبرالار دائىم زىراپىلەر بىلەن بىللە ئوتلايدۇ.

## تۈسداشلىق

بەزى ھايۋانلار تەقلىد قىلىشقا ماھىر. ئۇلار ئۆزىنىڭ تېنىنى باشقا ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكنىڭ قىياپىتىگە ئۆزگەرتىپ يېمەكلىككە ئېرىشىدۇ ياكى كۆشەندىسىنىڭ كۆزىنى باغلايدۇ.



زاراڭزا ياچىۋىكى جىم تۇرغاندا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگىلا ئوخشايدۇ. شۇڭا گۈل شىرنىسىگە ئامراق ھاشاراتلار ئۆزلۈكىدىن قاپقانغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆشەندىسى بولغان ھاشاراتخور قۇشلار ۋە كەسلەنچۈكلەرنى ئالدايدۇ.



بامبۇك يوپۇرماق قۇرتى

بامبۇك يوپۇرماق قۇرتىنىڭ بەدىنى ۋە پۇتلىرى ئۆسۈملۈكنىڭ شاخچىلىرىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. دائىم كۆشەندىسىنى ئالداپ ھۇجۇمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.



خازان كېپىنىكى شاختا قانىتىنى جۈپلەپ تۇرسا گويا قۇرۇپ قالغان يوپۇرماققىلا ئوخشايدۇ.



## يوشۇرۇنۇش رەڭگى

ئومۇمەن ئوتتۇپ يېگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئۆزىنى يوشۇرىدىغان رەڭگى يوشۇرۇنۇش رەڭگى دېيىلىدۇ. ئۇلار بەدىنىنىڭ رەڭگىنى ئەتراپىكى مۇھىتنىڭ رەڭگى بىلەن بىردەك قىلالايدۇ.

## ئاگاھلاندۇرۇش رەڭگى

ئادەتتە ھايۋان تېنىدە سېرىق ۋە قارا ياكى قىزىل ۋە قارا نۆۋەتلەشكەن رەڭلەر بار بولسا كۆشەندىسىگە: مەن زەھەرلىك، ماڭا چېقىلما! دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگىنى ھېسابلىنىدۇ. ئاگاھلاندۇرۇش رەڭگى بەزىدە نىقابلىنىش رولىنى ئوينايدۇ.



ئورمان كەسلەنچۈكىنىڭ رەڭگى يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بايقىماق تەس.



زەھەرلىك پاقا جەنۇبىي ئامېرىكىدا ياشايدۇ. بەدىنىدىكى ئاجراتما ماددا ئۆتكۈر زەھەرلىك. يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭدىن زەھەرلىك ئوق ياساپ ئوۋغا ئىشلىتىدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# بىللە ماكانلىشىش، بىللە ياشاش، پارازىت ياشاش

تەبىئەتتىكى ھايۋانلارنىڭ كۆپچىلىكى يالغۇز ياكى توپلىشىپ ياشايدۇ، باشقا تۈردىكى ھايۋانلارنىڭ ھەمكارلىشىشىغا ئېھتىياجلىق ئەمەس. لېكىن بەزى ھايۋانلار مۇستەقىل ياشىيالمايدۇ، چوقۇم باشقا جانلىقلارنىڭ ياردىمىگە ياكى قۇربان بېرىشىگە تايانغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. مانا بۇ خىل ياشاش ئۇسۇلى بىللە ماكانلىشىش، بىللە ياشاش ۋە پارازىت ياشاشلاردىن ئىبارەت.

## بىللە ياشاش

ئىككى خىل جانلىق چوقۇم بىللە ياشىغاندىلا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەكسىچە بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە ئىككىلىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. مانا بۇ بىللە ياشاش دېيىلىدۇ. بىللە ياشاش ھەر ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق.




ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ياشاش

## پارازىت ياشاش

بىر خىل جانلىقنىڭ يەنە بىر خىل جانلىقنىڭ ئىچىدە ياكى تەن سىرتىدا ياشاپ، ئۇنىڭدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى پارازىت ياشاش دېيىلىدۇ. پارازىت ياشاش ئومۇمەن پارازىت ياشىغۇچىغىلا پايدىلىق. ئەڭ تىپىك پارازىت ياشاش بەدەن ئىچىدە پارازىت ياشاشتۇر. مەسىلەن سازاڭ مەددىنىڭ پارازىت ياشىشى.

### سازاڭ مەددىنىڭ ياشاش تارىخى




سازاڭ مەددە باشتىن ئاخىر بىرلا تەندە ياشايدۇ، بۇ مەڭگۈلۈك پارازىت ياشاش دېيىلىدۇ. سازاڭ مەددىنىڭ ئۆمرى تەخمىنەن بىر يىل.

### پارازىت قۇرتلار نېمە ئۈچۈن ئادەم (ياكى ھايۋان) نى ئۆلتۈرۈپ قويمايدۇ؟

پارازىت قۇرتلار ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ تېنىدە تۇرۇپ پارازىت قۇرت خوجايىنى (ئادەم ياكى ھايۋان)نىڭ ئوزۇقلۇقىغا تايىنىپ جان باقىدۇ. ئەگەر پارازىت قۇرت خوجايىنى ئۆلۈپ قالسا پارازىت قۇرتنىڭ يەيدىغىنى تۈگەپ ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. شۇڭا ئۇلار پارازىت قۇرت خوجايىنىنى بىراقلا ئۆلتۈرۈپ قويمايدۇ.

دېگىز ئاپتاپپەرەسنىڭ زەھەرلىك سەزگۈچ قوللىرى باشقا هايۋانلارنى يېقىنلاشتۇرمايدۇ. لېكىن باربۇس بېلىقنىڭ بەدىنىنى بىر قەۋەت شىلىمشىق پەردە قوغداپ تۇرغاچقا، دېگىز ئاپتاپپەرەسنىڭ قوللىرىدىن قورقمايدۇ، ئۇ تېخى ئۇلارنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋېلىپ، دېگىز ئاپتاپپەرەسنى ئۆزىگە قوغدىغۇچى قىلىۋالىدۇ. باربۇس بېلىقى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن باشقا بېلىق ۋە راكلارنى جەلپ قىلىپ، دېگىز ئاپتاپپەرەسگە يەم قىلىپ بېرىدۇ.

## بىللە ماكانلىشىش

بىللە ماكانلىشىش — ئىككى تۈردىكى جانلىقنىڭ بەلگىلىك مۇناسىۋەتتە بىللە ياشاپ ئىككى تەرەپ مەنپەئەتلىنىشنى ياكى بىرلا تەرەپ مەنپەئەتلىنىپ يەنە بىر تەرەپكە زىيان بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى تەرەپ ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنىلا ئۆز ئالدىغا ياشاۋېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بىر تەرەپ مەنپەئەتلىنەلەيدىغان يەنە بىر تەرەپكە مەنپەئەتمۇ، زىيانمۇ بولمايدىغان بىللە ياشاش

پرىپال بېلىقىنىڭ شورىغۇچ تەخسىسى


پرىپال بېلىقىنىڭ چوققىسىدا بىر شورىغۇچ تەخسىسى بولۇپ، ئاكۇلا ۋە دېگىز تاشپاقىسىنىڭ قورسىقىغا يېپىشىۋېلىپ، ئۇلار چۈشۈرۈۋەتكەن يېمەكلىكلەرنىڭ قالدۇقلىرىنى يەيدۇ، ئاكۇلا ۋە دېگىز تاشپاقىسى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ.





ئىككىلا تەرەپ مەنپەئەتلىنەلەيدىغان بىللە ياشاش

تىمساھ قۇشى تىمساھنىڭ ئاغزىدا پارازىت ياشايدىغان سۈلۈكلەر، چىۋىنلەر ۋە چىشلىرى ئارىسىدىكى قالدۇق يېمەكلىكلەرنى يەپ قورساق تويغۇزىدۇ، تىمساھنىڭ ئېغىزىمۇ تازىلىنىدۇ.








## تۈتۈپ يېيىش خاراكتېرىدىكى كۈشەندىلەر

هايۋانلار دۇنياسىدىكى كۈشەندىلەرنىڭ تولىسى تۈتۈپ يېيىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. شۇڭا ئۇلارنى تۈتۈپ يېيىش خاراكتېرىدىكى كۈشەندە ياكى گۆشخورلۇق خاراكتېرىدىكى كۈشەندە دەيمىز. مەسىلەن : شىرنىڭ گۆنى تۈتۈپ يېيىشى، مۈشۈك بىلەن مۈشۈكياپىلاقنىڭ چاشقانلارنى تۈتۈپ يېيىشى، دېڭىز يۇلتۇزىنىڭ سەدەپلەرنى تۈتۈپ يېيىشى قاتارلىقلار.

## كۈشەندە

**تەبىئەتتە بىر خىل جانلىق (A) يەنە بىر خىل جانلىق (B) نى تۈتۈپ يېيىش ئارقىلىق ياشىسا، جانلىق A جانلىق B نىڭ كۈشەندىسى بولىدۇ. ئادەتتە چوڭ تىپتىكى هايۋانلار نۇرغۇنلىغان ئۇششاق هايۋانلارنىڭ كۈشەندىسى هېسابلىنىدۇ . ئاجىز - كىچىك هايۋانلارنىڭ كۈشەندىسى كۆپ بولىدۇ.**






چۇمۇلىخور، يېخىدنا ۋە تاغتېشەرلەرنىڭ هەممىسى چۇمۇلىلەرنىڭ كۈشەندىسى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بولۇپ، چۇمۇلە ئۇۋىلىرىنى كولاپ راسا تويىۋالىدۇ.

جاۋاب: A_C_B_D

## يېيىش ۋە يېيىلىش

بەزى ھايۋانلار باشقا بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭ كۈشەندىسى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭمۇ كۈشەندىسى بار. مەسىلەن، كىرپە يىلان تۇتۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يىلانلارنىڭ كۈشەندىسى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇ ئاغمىخاندىن قورقىدۇ، چۈنكى ئاغمىخان چىقارغان سېسىق پۇراق كىرپىنى خۇشسىزلاندۇرۇۋېتىدۇ، خۇشسىزلانغان كىرپىنىڭ تېنى تەبىئىي بوشىشىپ، ئاغمىخانغا يەم بولۇپ كېتىدۇ.



A. يىڭناغۇچ

B. يىلان

C. يېشىل پاقا

D. لاچىن

رەسىمدىكى ھايۋانلارنىڭ قايسىسى قايسىسىنىڭ كۈشەندىسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇڭ.



كىرپىنىڭ قېنىدا زەھەرگە قارشى ماددا بولغاچقا يىلاننىڭ زەھىرىدىن قورقمايدۇ.



ئىچنېئۇمون ھەرىسى دەرەخ غولىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ تۇخۇم سېلىش ئاپپاراتىنى دەرەخكە سانجىپ كىرگۈزۈپ، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە تۇخۇم سالىدۇ.

دېھقانچىلىق دورىلىرى زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ كۈشەندىسى بولغان خانقىزنىمۇ يوقىتىدۇ ياكى ئۇسۇملۈكنى بۇلغىنىشقا ئۇچرىتىدۇ.

## پارازىت خاراكتېرلىك كۈشەندىلەر

ئىچنېئۇمون ھەرىسى تۇخۇمنى ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنىڭ لىچىنكىسى تېنىگە سالىدۇ. تۇخۇمدىن چىققان ھەرە لىچىنكىسى ئۇزۇن مۇددەت قوڭغۇز لىچىنكىسىنى يەپ چوڭ بولىدۇ. ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىچنېئۇمون ھەرىسى ئۇنىڭ كۈشەندىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ خىل كۈشەندىنى پارازىت خاراكتېرلىك كۈشەندە دەيمىز.





قۇيرۇقلۇق ئىچنېئۇمون ھەرىسىنىڭ قۇيرۇقى 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، تۇخۇم سېلىش ئاپپاراتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىچنېئۇمون ھەرىسى ئورمانچىلىق زىيانداش ھاشارىتى ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنىڭ كۈشەندىسى ھېسابلىنىدۇ.

دەرەخ غولىدىكى ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىسى

## زىيانداش ھاشاراتلاردىن بىئولوگىيىلىك مۇداپىئەلىنىش

دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ زەھىرى زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا ھاشاراتلاردا دورىغا تاقابىلچانلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ چاغدا زەھىرى تېخىمۇ كۈچلۈك دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر زىيانداش ھاشاراتلارغا كۈشەندىلىرى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇلسا، ھەم زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشقا بولىدۇ ھەم مۇھىت بۇلغىنىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. مانا بۇ، زىيانداش ھاشاراتلاردىن بىئولوگىيىلىك مۇداپىئەلىنىشتۇر.



www.uyghurkitap.com


## دراگونلار دەۋرى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 مىليون يىللار ئىلگىرىكى دەۋردىن 65 مىليون يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگىچە يەر شارىدا بىر خىل چوڭ تىپتىكى يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلار ياشىغان، بۇلار دىنوزاۋرلار ۋە دىنوزاۋرغا ئوخشايدىغان دراگونلاردۇر. ئۇلار ئەينى چاغدىكى يەر شارىنىڭ خوجايىنى ئىدى، ئۇلار يەر شارىغا 130 مىليون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان.



چىشلىرى ھەرە چىشلىرىغا ئوخشايدۇ، ئىنتايىن ئۆتكۈر

بويىنى قىسقا، توم، چوڭ - چوڭ گۆشلەرنى يۇتۇشقا ماسلاشقان.




تىرانوزاۋر سېراتوپ (مۈڭگۈزلۈك دىنوزاۋر) بالىسىغا ھۇجۇم قىلغاندا چوڭ سېراتوپلار بالىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چۆرىدەپ ئۇچلۇق مۈڭگۈزى بىلەن بالىسىنى قوغدايدۇ.

تىرانوزاۋرنىڭ ئالدى پۇتلىرى قىسقا ھەم كىچىك، ئاران ئىككىلا بارمىقى بار، لېكىن ئىنتايىن ئۇچلۇق، ئۆتكۈر، يېمەكلىكنى تۇتۇشقا باب كېلىدۇ.

### دىنوزاۋر

دىنوزاۋرلار ئىنسانلار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا يوقۇلۇپ كەتكەن. ئىنسانلارنىڭ دىنوزاۋرغا بولغان تونۇشى دىنوزاۋرلار تاش قاتلاملىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىشى بىلەن باشلانغان. دىنوزاۋرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقى بولۇپ، سىرتقى شەكلى كەسلەنچۈككە ئوخشايدۇ. قارىماققا ناھايىتى سەت ھەم قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدۇ. ئوتخور دىنوزاۋرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېنى ناھايىتى يوغان. كۆپچىلىكى تۆت پۇتلاپ ماڭىدۇ: گۆشخور دىنوزاۋرلارنىڭ تېنى نىسبەتەن كىچىكرەك ياكى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ.




دىپلودوكۇس

قۇيرۇقى ناھايىتى ئۇزۇن، قوغدىنىشقا ئىشلىتىدۇ. دۈشمىنىنى يېقىنلاشتۇرمايدۇ.

دىپلودوكۇس چوڭ تىپتىكى ئوتخور دىنوزاۋر، لېكىن ئېغىرلىقى بىراخىئوزاۋرنىڭ ئاران ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ.

بەدەن ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، ئېگىزلىكى 6 مېتىر، بەدەن ئېغىرلىقى 6~8 توننا



ئىنچىكە ئېگەكلىك دىنوزاۋر

ئىنچىكە ئېگەكلىك دىنوزاۋر گۆشخور دىنوزاۋر بولۇپ، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ كىچىك دىنوزاۋرلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، ئېغىرلىقى ئاران 3.5 كىلوگرام، ئۆرە تۇرغاندىكى ئېگىزلىكى توخۇچىلىك كېلىدۇ.

ئالدى پۇتى ناھايىتى كىچىك، ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ.

قۇيرۇقى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ.

ئارقا پۇتى يوغان، ئۈچ بارمىقى بار، تېز يۈگۈرەلەيدۇ.



پتېروزاۋرلار ئۇششاق بېلىقلارنى يەيدۇ، دىنوزاۋرغا يېقىن تۇغقان، ئۇنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ تۆتىنچى بارمىقى بىلەن ئارقا پۇتى ئارىلىقىنى نېپىز ھەم يۇمشاق تېرىسىمان قانات تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، لەيلىيەلەيدۇ، ئۇچۇش ئىقتىدارى يۇقىرى ئەمەس.

## براخىئوزاۋر

براخىئوزاۋر ئوتخور دىنوزاۋر بولۇپ، تەن ئۇزۇنلۇقى 23 مېترغا، ئېگىزلىكى 12 مېترغا يېتىدۇ، ئېغىرلىقى 80 توننا بولۇپ، 12 پىلنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ كېلىدۇ.

بېشى ناھايىتى كىچىك، بېشىنى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىغا خالىغانچە تىقىپ ئوزۇقلىنالايدۇ، ئىنچىكە بوينىنى سوزۇپ دەرەخ ئۇچىدىكى يۇمران يوپۇرماقلارنىمۇ يېيەلەيدۇ.

## دىنوزاۋرغا ئوخشاش ئارگولار

بىر قىسىم ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ تۇرقى دىنوزاۋرغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇلار دىنوزاۋر ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى لەيلىيەلەيدۇ، بەزىلىرى سۇ ئۈزەلەيدۇ. يەنە بەزىلىرى سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا قوش ماكانلىق ياشايدۇ، مەسىلەن پلېسىئوزاۋر (يۇچار كەسلەنچۈك)، ئىختىئوزاۋر ۋە پلېسىئوزاۋرلار.

براخىئوزاۋرنىڭ بوينىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 مېترغا يېتىدۇ، ئەپچىل ئىگىلەلەيدۇ، ھەم ناھايىتى كۈچلۈك، يەردىن ناھايىتى ئېغىر نەرسىلەرنى چىشلەپ كۆتۈرۈسىمۇ يىقىلىپ كەتمەيدۇ.



پلېسىئوزاۋرلارنىڭ بويىنى ئۇزۇن ھەم چاققان بولۇپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان قوش ماكانلىق يىرتقۇچ ھايۋان.

ئىختىئوزاۋرنىڭ ئالدى پۇتى بېلىق پالاقچىسىغا ئوخشايدۇ، سۇدا تېز ئۈزەلەيدۇ.

ئىگۇئانودونلار ئوتخور دىنوزاۋرلار بولسىمۇ، بىراق ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن تۇرالايدۇ، ماڭالايدۇ ياكى يۈگۈرەلەيدۇ، ئالدى پۇتىدا 5 بارمىقى بار.

### توخۇم ئارقىلىق كۆپىيىش دېگەن نېمە؟

ھايۋانلار ئۇرۇقلانغان توخۇمنى تۇغىدۇ، ئۇرۇقلانغان توخۇم توخۇم سېرىقىدىكى ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىپ تەدرىجىي يېتىلىپ تۆرەلمىگە ئايلىنىدۇ، ئاندىن شەكىلگە كىرىدۇ، ئاخىرى توخۇم شاكىلىنى يېرىپ چىقىدۇ، كېيىن قورامىغا يېتىپ، يەنە توخۇم تۇغىدۇ، توخۇم يەنە يېتىلىدۇ. ھايۋانلارنىڭ بۇنداق نەسىل قالدۇرۇش ئۇسۇلى توخۇم ئارقىلىق كۆپىيىش دېيىلىدۇ. توخۇ، ئۆردەك، غاز، قۇشلار، يىلانلارنىڭ ھەممىسى توخۇم ئارقىلىق كۆپىيىدىغان ھايۋانلار ھېسابلىنىدۇ.

## ترانئوزاۋر

ترانئوزاۋر ئەڭ چوڭ گۆشخور دىنوزاۋر بولۇپ، ناھايىتى ۋەھشىي، ھەرخىل ئوتخور دىنوزاۋرلارنى يەيدۇ.



دىنوزاۋرلار توخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدىغان ھايۋانلاردۇر. ھازىر دۇنيادا ئورغۇنلىغان دىنوزاۋر تاش قاتمىلىرى تېپىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ خېنەن شىشيا ئويمانلىقىدا بىر دىنوزاۋر توخۇمى تاش قاتلىمىلىرى ئوركومى بولۇپ، ئون مىڭدىن ئارتۇق دىنوزاۋر توخۇمى تاش قاتلىمىلىرى كۆمۈلگەن. دۇنيادىكى توققۇزىنچى چوڭ مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

# نەسلى قۇرۇپ كەتكەن هايۋانلار

نەسلى قۇرۇپ كەتكەن هايۋانلار ئەسلىدە دالىدا ياشىغان، لېكىن ئۆتكەنكى 50 يىل ئىچىدە قايتا ئۇچرىمىغان هايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. نەسلى قۇرۇش جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى نورمال هادىسە. لېكىن ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياۋايى هايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىش سۈرئىتى نورمال نەسلى قۇرۇش سۈرئىتىدىن 1000 ھەسسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى، نەتىجىدە زور مىقداردىكى ياۋايى هايۋانلار ناهايىتى بۇرۇنلا يوقۇلۇپ كەتتى.




ساۋاقداشلار چوكانتال بايرىمىدا دۇنيادىكى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن هايۋانلار قەبرىسىگە كېلىپ، نەسلى قۇرۇپ كەتكەن هايۋانلارغا گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلىپ تەزىيە بىلدۈردى.

1850 - يىلى

1767 - يىلى

1681 - يىلى



كىشىلەر بىرىنچى قېتىم بۇنداق يوغان هەم ئېگىز قۇشنى كۆرگەندە قورقۇپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنى قورقۇنچلۇق دېگەن مەنىدە (ئۆز تىلىدا) موئا قۇشى دەپ ئاتىغان.

موئا قۇشى ئافرىقا تۆگە قۇشىدىنمۇ ئېگىز، تۇخۇمى ۋاسكېتبول توپىدەك يوغان.

## موئا قۇشى

موئا قۇشى سەككىز مىليون يىللار ئىلگىرىدىن تارتىپلا يېڭى زېللاندىيىدە ياشاپ كەلگەن. 14- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پولىنېزىيىلىكلەر ئارقا-ئارقىدىن يېڭى زېللاندىيەگە كۆچۈپ كېلىپ موئا قۇشىنى كۆپلەپ تۇتۇپ يېمەكلىك قىلىشقا باشلىغان، يەنە ئۇلارنىڭ تۇخۇملىرىنىمۇ ئوغرىلىغان. 1850- يىلىغا كەلگەندە موئا قۇشىنىڭ نەسلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن.



ئېرىسى ناهايىتى قېلىن، گۆشى مەززىلىك بولغاچقا كۆپلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

سېتىللېر دېڭىز كالىسىنىڭ چىشى يوق، بىراق غەلىتە چوڭ ئاغزى بىلەن سۇ ئوتلىرىنى ئۈزۈپ چايناپ يېيەلەيدۇ.

## سېتىللېر دېڭىز كالىسى

سېتىللېر دېڭىز كالىسى كىتتىن قالسا ئەڭ چوڭ سۈت ئەمگۈچى هايۋان. 1741- يىلى روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بايقىغان، روسىيىنىڭ موي-تېرە سودىگەرلىرى بۇنى ئاڭلاپ، شۇ هامان كوماندىروسكى تاقىم ئاراللىرىغا بېرىپ، ئۇلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈپ سودا قىلغان. 26 يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا سېتىللېر دېڭىز كالىسىنىڭ نەسلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن.



دودو قۇشى ئادەمدىن ئۈركىمەيدۇ، شۇڭىدەك ھېچقانداق كۆشەندىسىمۇ يوق ئىدى.

ئەسلى ماۋرىتىئۇس ئارىلىنىڭ ھەممە يېرىدە دودو قۇشى بار ئىدى، ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىپ 200 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا نەسلى قۇرۇپ كەتتى.

## دودو قۇشى

دودو قۇشى بىرخىل ئۇچالمايدىغان قۇش بولۇپ، ئورىيا پاختىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار هندى ئوكياندىكى ماۋرىتىئۇس ئارىلىدا ياشىغان. چاتقال تىپىدىكى تروپىك بەلۋاغ ئورمانلىرىدا ماكانلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، 16- ئەسىردە ئىنسانلار دودو قۇشىنى كۆپلەپ تۇتۇپ يېگەن، يەنە كېلىپ ئىنسانلار ئارالغا ئالغاچ كەلگەن ئىت ۋە ئۆي هايۋانلىرىمۇ دودو قۇشى باللىرىنى يېمەكلىك قىلغان، شۇنىڭ بىلەن دودو قۇشىنىڭ سانى جىددىي ئازىيىپ 1681- يىلغا كەلگەندە پۈتۈنلەي نەسلى قۇرۇپ كەتكەن.

## شىمالىي ئامېرىكا ياۋا كەپتىرى

ئۇ ھەر يىلى قارلىغاچقا ئوخشاش كۆچىدۇ، شۇڭا «بەسىل كەپتىرى» دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا يەنە بەش مىلياردتىن ئارتۇق بەسىل كەپتىرى بار ئىدى. لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپلەپ ئۆلتۈرۈشى نەتىجىسىدە 100 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا نەسلى قۇرۇپ كەتتى.



ئورمانلارنىڭ كېسىلىشى نەتىجىسىدە بەسىل كەپتىرىگە ئۇۋا سالىدىغان يەر قالمىدى، ئىنسانلار ئېلىپ كەلگەن ھايۋانلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تارقاتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەسىل كەپتەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشىنى تېزلەتتى.

## خالتىلىق بۆرە

خالتىلىق بۆرە ئەسلىدە ئاۋستىرالىيەنىڭ تاسمانىيە رايونىدا ياشايدىغان ئەڭ چوڭ گۆشخور خالتىلىق ھايۋان ئىدى. 19- ئەسىردە ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خالتىلىق بۆرە ئوۋلىغۇچىلارنى مۇكاپاتلىدى. نەتىجىدە خالتىلىق بۆرە كۆپلەپ ئۆلتۈرۈلدى. 1933- يىلى ئەڭ ئاخىرقى بىر خالتىلىق بۆرە ئۆلتۈرۈلدى.



خالتىلىق بۆرە بەزىدە ئۆي ھايۋانلىرىنى تۇتۇپ يەپ قويىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلۈش تەقدىرىگە دۇچ كەلدى.




## پولەك ياۋا كالىسى

پولەك ياۋا كالىسى بۇرۇن دۇنيادا سانى ئەڭ كۆپ بولغان چوڭ تىپتىكى ياۋايى ھايۋان ئىدى. ئۇلار ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدە ياشىغانىدى. 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پولەك ياۋا كالىلىرى زور مىقداردا ئۆلتۈرۈلۈپ، 1918- يىلغا كەلگەندە دالىدىكى پولەك ياۋا كالىلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى. ھازىر ئۇلارنى پەقەت ھايۋانات باغچىلىرىدىلا كۆرەلەيمىز.



تاغىل ئېشەك ھەم ئاتقا ھەم ئېشەككە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى، ئىنتايىن ھوشيار.



پولەك ياۋا كالىسى ئەڭ چوڭ ياۋا كالا

## تاغىل ئېشەك

تاغىل ئېشەك ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە چىرايلىق ھايۋان. 19- ئەسىردە ياۋروپالىقلار ئۇنىڭ چىرايلىق تېرىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنى كۆپلەپ ئۆلتۈردى. 1880- يىلغا كەلگەندە دالىدىكى تاغىل ئېشەكلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى. ھايۋانات باغچىلىرىدىكى تاغىل ئېشەكلەر بولسا، سۇنئىي بېقىلىش تۇرمۇشىغا كۆنەلمىگەنلىكتىن ئۇلارمۇ ئۆلۈپ تۈگىدى. 1883- يىلغا كەلگەندە تاغىل ئېشەكلەرنىڭ نەسلى پۈتۈنلەي قۇرىدى.




بېيجىڭدىكى ئۇزۇن قويۇق ئوغا بېقىش ئورنىدا «دۇنيادىكى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ھايۋانلار قەبرىسى» بار بولۇپ، يېقىنقى 300 يىلدىن بۇيان نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ھايۋانلارنىڭ قەبرە تاشلىرى تىزىپ قويۇلغان.

### ھايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇش سۈرئىتى قانچىلىك بولماقتا؟

ھازىر ئىنسانلار ئالتىنچى قېتىملىق تۈرلەرنىڭ چوڭ يوقىلىشىغا دۇچ كەلمەكتە. تۈرلەرنىڭ يوقۇلۇش سۈرئىتى دىنوزاۋرلارنىڭ زور مىقداردا يوقۇلۇش دەۋرىدىكى سۈرئەتكە يېقىنلاشتى. 20- ئەسىردە ھايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇش سۈرئىتى يىلىغا بىر تۈردىن ئېشىپ كەتتى.

خەلقئارا تەبىئەتنى قوغداش بىرلەشمىسى (IUCN) ھايۋانلار ئۈچۈن 10 قوغداش تۈرىنى تەسىس قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دالىدىكى نەسلى قۇرۇغان، ناھايىتى خەۋپ ئىچىدىكى، خەۋپ ئىچىدىكى، ئاسان خەۋپ ئىچىدە قالىدىغان، قوغداشقا تايىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى قوغدىلىدىغان ھايۋانلارغا كىرىدۇ.

### ناھايىتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ھايۋانلار

ئادەتتە ئون يىل ياكى ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدە نەسلى قۇرۇش ئېھتىماللىقى 50% دىن يۇقىرى بولغان ھايۋانلار ناھايىتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ھايۋانلار دەپ بېكىتىلگەن. چاڭجياڭ تىمساھى، جەنۇبىي جۇڭگو يولۋىسى قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ياۋىسى ئىنتايىن ئاز، يېقىن كەلگۈسىدە نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن چوڭ.

### خەۋپ ئىچىدە قالغان ھايۋانلار

خەۋپ ئىچىدە قالغان ھايۋانلار يىگىرمە يىل ياكى بەش ئەۋلاد ئىچىدە نەسلى قۇرۇپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى 20% بولغان ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تېزلا خەۋپ ئىچىدە قالغان تۈرلەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، مۇشۇكئېيىق، ياۋايى قوش لوككىلىق (ئۈركەشلىك) تۆگە، قىزىل بۆلغۈن (قارا بۆلغۈن)، چاڭجياڭ ئۈستىر بېلىقى قاتارلىقلار.

### ئاسان خەۋپ ئىچىدە قالىدىغان ھايۋانلار

بەزى ھايۋانلارنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە نەسلى قۇرۇشقا قاراپ يۈزلىنىش ئېھتىماللىقى چوڭراق، يۈز يىل ئىچىدە نەسلى قۇرۇش ئېھتىماللىقى 10% بولسا ئۇلار ئاسانلا خەۋپ ئىچىدە قالغان ھايۋانلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئاسىيا پىلى، تىبەت ياۋا ئىشكى، سېرىق مولۇن قاتارلىقلار.

### قوغداشقا تايىنىدىغان ھايۋانلار

بەزى ھايۋانلار نۆۋەتتە تېخى نەسلى قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمىدى، لېكىن قوغداش پىلانى بولمىسا ئۇلارنىڭمۇ نەسلى قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بۆرە، قۇشقاچ، يېشىل تاشپاقا، ھىندى چار پاقىسى قاتارلىقلار.

## ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلار

**يەر شارىمىزدا ھايۋانلارنىڭ مىقدارى بارغانسېرى ئازىيىپ 2003 ـ يىلىغا كەلگەندە 12259 خىل ھايۋان نەسلى قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئەگەر ئۇلار قوغدالمىسا يېقىن كەلگۈسىدە يەر شارىدىن بىر ـ بىرلەپ يوقۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن.**




### بىر تىۋىتلىق مۇرە پېپىنچىغا قانچە تىبەت بۆكەننىڭ تىۋىتى كېتىدۇ؟

تىبەت بۆكەننىڭ تىۋىتىدىن توقۇلغان مۇرە پېپىنچا ھەم نېپىز ھەم يېنىك. بىر ئۈزۈكنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. لېكىن تىبەت بۆكەننى ئۆلتۈرگەندىلا ئاندىن تىۋىت ئالغىلى بولىدۇ. بىر تىۋىتلىق مۇرە پېپىنچا توقۇش ئۈچۈن ئۈچ تىبەت بۆكەننى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ



بۇ هايۋانلار خەۋپ ئىچىدە قالغان هايۋانلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.





يەر شارىدىكى ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىپ ئۆلتۈراق جايلىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئەسلىدە ياۋايى ھايۋانلارغا تەۋە تۇرغۇنلىغان جايلارنى ئىگىلىۋالدى.

پىل چىشىدا ياسالغان سەنئەت بۇيۇمى

تىمساھ تېرىسىدىن تىكىلگەن سومكا



ئىنسانلار ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش، موي-تېرىلىرىنى ۋە مۈگگۈزلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇرغۇنلىغان ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئۆلتۈردى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ياشاش مۇھىتىغا قىلغان بۇزغۇنچىلىقىدۇر.

## ھايۋانلارنى قوغداش

**بارغانسېرى كۆپ ھايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىنسانلار ھوشىغا كەلدى. ياۋايى ھايۋانلارنى قوغدايدىغان تۇرغۇنلىغان قانۇن- نىزاملارنى، سىياسەتلەرنى تۈزۈپلا قالماي، يەنە ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ خەۋپ ئىچىدە قالغان ھايۋانلارنى قوغداپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.**

قارا ئېيىقنىڭ ئۆتىگە قوپال بىر نەيچىنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا كىرگۈزۈپ ئۆت سۇيۇقلۇقىنى بىۋاستە ئېلىۋېلىپ، جۇڭگو تىبابەتچىلىكى دورىسى ياسىلىدۇ. بىچارە قارا ئېيىق ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئازابنىڭ دەردىنى تارتىدۇ، بۇنداق قەبىھ، ھايۋانلارنى خورلايدىغان قىلمىشلار ئەيىبلىنىشى ۋە چەكلىنىشى كېرەك.







قارا ئېيىق تۆمۈر قەپەزكە سولىنىپ بېقىلماقتا



تەبىئىي مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارنى ئۆۋلىشى ۋە قانۇنسىز ھايۋان ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشى نۇرغۇنلىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سانىنى ئازايتىپ، نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا ئېلىپ باردى.



ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇغىنىڭ تۇرقى ئىنتايىن غەلىتە، بېشى ئاتنىڭ بېشىغا، تۇيىقى كالىنىڭ تۇيىقىغا، قۇيرۇقى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ.

## ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇغا قايتىپ كەلدى

ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇغا مەملىكىتىمىزدىلا بار بولغان ئالاھىدە ھايۋان. ياۋايى ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇغىلار نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا يوقىلىپ كەتكەن. سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا بېسىپ كىرگەندە، مەملىكىتىمىزنىڭ خان ئوردىسىدا بېقىلىۋاتقان ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇغىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. كېيىن چەتئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇغىلار جۇڭگوغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ ھايۋاناتلار باغچىلىرى ۋە قوغداش رايونلىرىدا سۈنئىي بېقىلغان. ھازىر نەچچە يۈز ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇغ تەبىئەتكە قويۇپ بېرىلدى.

## قايتا پەيدا بولغان قىزىل ئىبىس

قىزىل ئىبىس ئۇچقاندا قانات قېقىشى ئاستا ھەم كۈچلۈك، خۇددى پەرىلەر ئەرشتىن ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقاندەك بىلىندۇ. قەدىمكىلەر ئۇنى «پەرى قۇش» دەپ ئاتىغان. بىر مەھەل جۇڭگودا قىزىل ئىبىسنىڭ نەسلى قۇرىدى دەپ قارالغانىدى. 1981- يىلى شەنشى ئۆلكىسىدە يەتتىسى بايقالدى. كۈڭۈل قويۇپ قوغداش نەتىجىسىدە ھازىر 300 نەچچىگە كۆپەيتىلدى.



قىزىل ئىبىس كېچىسى دەرەختە ئارام ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، سازلىق ياكى سۇلۇق ئېتىزلارغا بېرىپ قىسقۇچپاقا، يېشىل پاقا، ئۇششاق بېلىق، قۇلۇلە قاتارلىقلارنى تېپىپ يەيدۇ.



جۇڭگو ئوسېتر بېلىقى جۇڭگودىلا بار بولغان چوڭ تىپتىكى بېلىق.



ئوسېتر بېلىقى چاڭجياڭ دەرياسىدا تۇغۇلۇپ، دېڭىزلاردا ئۆسۈپ، يوغىنايدۇ. ھەر يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرلىرىدا يېتىلگەن جۇڭگو ئوسېتر بېلىقلىرى چاڭجياڭغا قايتىپ كېلىپ تۇخۇم سالىدۇ.



بالىلار رەسىمى ــ ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ماكانى (جاڭ خۇي، 13 ياش).

## ئوسېتر بېلىقىنى سۈنئىي كۆپەيتىش

ئوسېتر بېلىقىنىڭ يەر شارىدا پەيدا بولغىنىغا 140 مىليون يىل بولغان بولۇپ، مەشھۇر تىرىك تاشقاتما ھېسابلىنىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان كۆپلەپ تۇتۇلغاچقا، سانى ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەن. ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى تۇتۇپ تۇخۇملىرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا بېسىپ، بېلىقچانلىرىنى قايتىدىن چاڭجياڭ دەرياسىغا قويۇپ بەرمەكتە.



www.uyghurkitap.com

# 民文版《上学就看》编辑委员会

**总顾问**

徐惟诚

**编委会主任**

禹宾熙（朝鲜族） 龚 莉（汉族）

**编委会副主任**

甘玉贵（蒙古族） 刘晓东（汉族） 阿去克（维吾尔族）
艾尔肯（维吾尔族） 程力华（汉族）

**编 委**
（以姓氏笔画为序）

万 喜 （蒙古族） 木 耐 （哈萨克族） 才让加（藏族）
牙库甫（维吾尔族） 甘玉贵（蒙古族） 艾尔肯（维吾尔族）
刘晓东（汉族） 刘金双（汉族） 朴文峰（朝鲜族）
全永范（朝鲜族） 阿去克（维吾尔族） 李有明（回族）
张运珍（藏族） 阿里木江（哈萨克族） 阿合买提江（维吾尔族）
阿依肯（哈萨克族） 禹宾熙（朝鲜族） 龚 莉（汉族）
程力华（汉族） 曾小吾（满族） 普日科（藏族）
塔 并 （蒙古族）

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




















## مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھاسى

بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار باللار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىدىغان، باللار ئۈچۈن پايدىلىق، قىزىقارلىق كىتابلاردۇر. باللار بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ چىقسا، ئۇلارنىڭ مەكتەپتە ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاكتىپلىق بىلەن سوئال سورىيالايدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا دادىللىق بىلەن جاۋاب بېرەلەيدۇ. بۇ كىتابلار باللار بىلەن ئاتا-ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

—— جۇڭگو ئائىلە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى يۈ شىنيەن

بۇ كىتابلار تۆۋەن يىللىقلاردا ئوقۇۋاتقان باللارنىڭ ئوقۇشىغا باب كېلىدۇ. باللارنى نۇرغۇن بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىدۇ. باللارغا بىلىم ئۆگىتىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىتىدۇ. بۇ كىتابلار ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى. بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالمىغاندا، باللار بىلەن بىرلىكتە بۇ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىغاندا، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەبىئىي ھالدىلا ئايدىڭلاشتۇرىۋالغىلى بولىدۇ.

—— «سىرداش ھەدە» لۇ چىن

ISBN 978-7-105-09555-1
全套定价：120.00元
本册定价：18.50元